# مەن ۋە ئىلاھىي دۇنيا



مەن ۋە ئىلاھىي دۇنيا

«ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دەيدۇ رەسۇلىمىز. بىز ئۆزىمىز، جەمەتىمىز، مەھەللىمىز، يۇرتىمىز، مۇھىتىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە دۇنيا ھەققىدە قانچىلىك بىلىمىز؟ بىز ئوقۇغان دەرسلەر ھاياتتا ئىنسان دائىم ئېھتىياجلىق ساۋاتلارنى يېتىكۈزەلىدىمۇ؟ ۋەتەنىمىز، ھوقۇقىمىز، بىلمىسىزلىكىمىز بىزنى ئۆزىمىز، مىللىتىمىز ۋە دۇنياغا يوشۇرۇنغان سىرلار ھەققىدە ئويلاشقا دەۋەت قىلالىدىمۇ؟ مەۋجۇتلۇق ۋەھىمىسىنى قايسى بىلىم بىلەن يېڭىمىز؟ بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان تەبىئەت، يۇرت، جەمئىيەت ۋە دۇنيادىن ساۋاتلىقمۇ؟ ئۇلارنى ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ؟ ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھاياتىمىز بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ؟ پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆزىنى، جەمەتىنى، ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى ئۇيغۇر تىلىدا قانچىلىك چۈشەندۈرەلەيمىز؟

سوئاللار كۆپ، بىز مۇشۇ سوئاللارغا ئاز تولا بولسىمۇ جاۋاپ بېرىش، باللار بىلەن ئۆزى، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە دۇنيا ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قوللىنىش ۋە مېڭىمىزدىكى ئۇيغۇرچە بىلىملەرنى يېڭىلاشتا ئاز-تولا ياردەمدە بولارمىكىن دېگەن مەقسەتتە بۇ ئۇنۇۋېرسال ساۋات كىتابىنى تۈزدۈق.

www.uyghurkitap.c

# مەن ۋە ئىلاھي دۇنيا

# كىرىش سۆز

«مەن ۋە...» بىلەن باشلانغان بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپنى بۈندىن يەتتە يىل بۇرۇن ئەۋلات ئىشقىدا يانغان بىر تۈركۈم پىداكارلار ھاۋالە قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا تۇمشۇقتىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن دۇنيانى، تەبىئەتنى ۋە ئىنسانىنى باللارغا ئانا تىلدا قانداق چۈشەندۈرۈش ھەققىدە سۆھبەتتە بولغان ئىدۇق. ئۇلار مەكتەپلەرگە ئۆز ئالدىغا دەرسلىك تەسىس قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەپتىدە ئىككى سائەت ئانا تىلدا ئۆتۈلىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك تۈزگۈزمەكچى بولۇشتى. مەن ئۇلارغا بۇ دەرسلىكنىڭ خىتاي تەشەببۇس قىلىدىغان ساختا كوللىكتىۋىزمنىڭ ئەكسىچە ئۆزلۈكنى تەكىتلەيدىغان «مەن» بىلەن باشلىشىنى ئېيتتىم. باشلانغۇچقا «مەن ۋە بەدىنىم»، «مەن ۋە ئائىلەم، جەمەتىم» دېگەن ئىككى كىتاپ، تولۇقسىزغا «مەن ۋە تارىخىم»، «مەن ۋە زېمىنىم»، «مەن ۋە ئېلىم-پەن» دېگەن ئۈچ كىتاپ، تولۇق ئوتتۇرىغا «مەن ۋە ئىلاھىي دۇنيا»، «مەن ۋە سىياسىي دۇنيا» دېگەن ئىككى كىتاب تەييارلانماقچى بولدى. بۇ كىتاپلارنى تۈزۈشتىكى مەقسەت پەرزەنتلىرىمىز ئۆگىنىشنى بەدىنىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلىسۇن، ئاندىن چۈشەنچىسىنى مىللەت، ئىلىم-پەن ۋە تۇپراققا كېڭەيتسۇن، ئاخىرىدا ماددىي ۋە ئىلاھىي دۇنيانى مۇكەممەل ئىگىلەپ ھايات يولىدا تىنەپ تەمتىرەپ قالمىسۇن، تۇرمۇشقا چىرماشقان ساختا تېبابەت، ئازغۇن سىياسەت ۋە يالغان ئىلاھىيەتكە ئالدانمىسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بايقىشىمچە ۋەتىنىمىزدە كىشىلىرىمىز كىچىككىدىن باشلاپ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان بەدىنى ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغاچقا بىزدە داخان، پىرخۇن ۋە رىياكار تېۋىپلار بازار تاپقان ئىدى، كىشىلىرىمىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت، كېسەللىك، قېرىلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدە پەننىي ساۋاتقا ئىگە بولمىغاچقا ھۆرمەت تۆرىدە ئۇلۇغلىناتتى. خەلقىمىز سىياسەت، خەلقارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنياۋىي تەرتىپ ھەققىدە مەرىپەتلىك بولالمىغىنى ئۈچۈن دائىم

زالىملارنىڭ قولىغا قوللىغۇچىسىغا ياكى قوللىرىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالاتتى. خەلقىمىزدىكى ھوقۇقسىزلىق، مائارىپسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، پەننىڭ ئومۇملاشماسلىقى، بېقىندىلىقنىڭ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئاجىز ھالىتىمىزگە ئۆزگەرتىش نادانلىققا، خۇراپاتقا جەڭ ئېچىش بولسا، بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىش نادانلىققا يەم بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ قېتىملىق يىغىلىشتا غەيرەتكە كەلگەن پىداكار ئۇستازلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەن بىر يۈرۈش كىتاپنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. كىتاپنى تۈزۈش ئىشىغا ئون يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق ۋە سىنىپ باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوستۇم ئەخمەت مەسئۇل بولدى. 3102-يىلى ئاۋغۇستتا كىتاپلار پۈتتى. مەن رەسىم كىرگۈزۈش، كۆنۈكمە تەييارلاش، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆرسەتمە تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان چاغدا قاماققا ئېلىندىم. مەن چىقىپ تۇرۇشۇمغا قەدىناس دوستۇم تۇتۇلۇپ كەتتى. كىتاپ مەندە قالدى.

«مەن...» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپنى تۈزگەن دوستۇم ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگەك قىلغان ئىكەن. ئەينى چاغدا قىلغان پىلانلىرىمىز شۇ چاغدا ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس ھېلىمۇ زۆرۈر بىر ئېھتىياج ئىكەندۇق. مۇشۇنداق بىر يۈرۈشلۈك كىتاپلارنى چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇساپىرەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم، ھەمدە قاماقتا قالغان دوستۇمنىڭ ئۈمىدىنى مۇھاجىرەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. ئۇيغۇرياردىكى دوستلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپ روياپقا چىقتى. دېگىنىمدەك مەن بۇ كىتاپلار ئۈچۈن كۆنۈكمە ھازىرلىيالمىدىم، رەسىم كىرىشتۈرەلمىدىم، دوستۇم قاماقتا بولغاچقا كىتاپنى تۈزۈشتە قوللانغان مەنبەلەرنى سۈرۈشتە قىلالمىدىم. پەقەت تەھرىرلەش جەريانىدا بەزى تولۇقلاشلارنى قىلدىم. ۋەتەندە شارائىت چەكلىمىسى سەۋەبلىك دېيىلىپ قالغان سۆز، جۈملە ۋە ئاتالغۇلارنى يېڭىلاپ چىقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

دۇنيادىكى دىنلار ........................ 9
ھاياتىمىزنى نېمە بەلگىلەۋاتىدۇ؟ .................. 9
ئەڭ قەدىمكى دىن قانداق ئىدى؟ .................... 10
تاش قەبرىلەرنىڭ نېمە رولى بار؟ .................... 11
قەدىمكى مىسىرلىقلار نېمىگە ئېتىقاد قىلغان؟ ................ 12
راستىنلا «ئەڭ توغرا» دىن بارمۇ؟ .......................... 14
دۇنياۋى دىن دېگەن نېمە؟ ........................ 15
يەھۇدىي دىنى ............................... 16
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىم؟ ....................... 16
كەنئان ...................................... 18
يەھۇدىيلارنىڭ يىلنامىسى ......................... 18
پەنتىكوست ...................................... 19
كىشىلەر پاسخا بايرىمىنى قانداق تەبرىكلەيدۇ؟ ................ 19
سۇككوت بايرىمى دېگەن نېمە؟ ........................ 20
چانۇكا بايرىمىدا شامداندا نېمىشقا توققۇز تال شام بولىدۇ؟ .......... 21
يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى نېمە؟ ..................... 22
ھاخام كىم؟ ..................................... 24
قۇددۇس ........................................ 24
يېڭى يىل ....................................... 25
گۇناھنى يۇيۇش كۈنى ............................. 25
دۇئا دېگەن نېمە؟ .................................... 26
كىشىلەر سەببات كۈنلىرىنى قانداق تەبرىكلەيدۇ؟ ................ 27
يەھۇدىي ئوغۇللىرىنىڭ بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمى ................. 27
پاك يېمەكلىك ................................. 28
خەتنە قىلىش .................................. 28
قەتلىئام ......................................... 29
سىناگوگ (يەھۇدىي دىنى ئىبادەتخانىسى) نىڭ رولى نېمە؟ .......... 29
يەھۇدىيلار بىر مىللەتمۇ ياكى بىر دىنىي جامائەتمۇ؟ ............ 30
ھىجرەتتىكى يەھۇدىيلار دېگەن نېمە؟ ...................... 30

خرىستىيان دىنى ........................................ 32
خرىستىيان دىنى نەدىن كەلگەن؟ ............................ 32
ئەيسا پەيغەمبەر كىم؟ ....................................... 34
تاغدىكى ۋەز دېگەن نېمە؟ .................................. 35
ئەيسا نېمىشقا كرېستقا مىخلانغان؟ ........................... 36
پاسخا بايرىمى قانداق پەيدا بولغان؟ ........................ 38
قىيامەتتىكى سوراق دېگەن نېمە؟ ........................... 40
دىن تارقاتقۇچى كىم؟ ........................................ 40
« ئىنجىل»نىڭ يېڭى نۇسخىسى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ............ 42
چېركاۋ ..................................................... 43
ۋىتسۇن بايرىمى .............................................. 44
«ئىنجىل» ................................................... 44
خرىستىيانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ......................... 45
دىن تارقىتىش دېگەن نېمە؟ ................................... 45
دىنىي ئەقىدە دېگەن نېمە؟ .................................. 47
چېركاۋلارنىڭ بۆلۈنۈشى دېگەن نېمە؟ ......................... 47
پاپا .......................................................... 49
دىن ئىسلاھاتى دېگەن نېمە؟ ................................. 49
پىروتېستانت دىنى (خرىستىيان يېڭى دىنى) .................. 52
دىنىي مەزھەپ ................................................ 52
ئۈچ بىرلىك ................................................... 52
ھەزرىتى ئەيسانىڭ زىياپىتى ................................. 53
چېركاۋنىڭ نېمە رولى بار؟ ................................... 54
ئىبادەت مۇراسىمى قانداق ئۆتكۈزۈلىدۇ؟ ....................... 55
خرىستىيان دىنىنىڭ پەرزلىرى دېگەن نېمە؟ .................... 55
ئىسلام دىنى .................................................. 57
ئىسلام ۋە مۇسۇلمان دېگەن نېمە؟ ........................... 57
ئىسلامغا ئۇيغۇن ئەمەس قاراشلار قايسى؟ ...................... 59
ئىسلامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانمىغانلىقى توغرىمۇ؟ . 62
كىشى قانداق مۇسۇلمان بولىدۇ؟ ............................. 63
ئىسلامدا دىن نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ............................ 65
ئىسلامدا دىنىنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ............................ 65
ئىمان ۋە مۆمىن دېگەن نېمە؟ ............................... 66

www.uyghurkitap.com

قۇرئاندا ئىمان ئاساسلىرى قايسىلار؟ ........................ 67
يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلىقتا ئاللاھ چۈشەنچىسى بىلەن قۇرئاندىكى ئاللاھ
چۈشەنچىسىدە قانداق پەرق بار؟ ........................ 68
قۇرئان ئاللاھنى قانداق سۈپەتلەيدۇ؟ ........................ 69
تەۋھىد دېگەن نېمە؟ ........................ 71
قۇرئان قانداق كىتاب؟ ........................ 73
«قۇرئان» نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟ ........................ 75
ئىسلامدا ئەقلىنىڭ ئورنى قەيەر؟ ........................ 76
قۇرئاندىن ئەقلىگە ئائىت مىسال كەلتۈرەلەمسىز؟ ........................ 77
پەيغەمبەرلىك نېمە؟ پەيغەمبەر كىم؟ ........................ 78
بىر پەيغەمبەر نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ ........................ 80
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟ ........................ 81
سۈننەت ۋە ھەدىس دېگەن نېمە؟ ........................ 84
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ سۈننەت ياكى
ئەنئەنە ئىكەنلىكى قانداق ئايرىلىدۇ؟ ........................ 85
ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر قايسى؟ ........................ 86
نېمە ئۈچۈن ئىسلامدا كاھىنلار تەبىقىسى يوق؟ ........................ 87
جىھاد دېگەن نېمە؟ ........................ 88
جىھاد بىلەن ئۇرۇش ئوخشاشمۇ؟ ........................ 89
ئىسلامدا شېرىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ........................ 91
قايسى ئىشلار شېرىك دائىرىسىگە كىرىدۇ؟ ........................ 93
ئىسلامدا زۇلۇم نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ........................ 96
ئىسلامدا كۇپۇر ۋە كاپىر دېگەن نېمە؟ ........................ 97
ئىسلامدىكى مۇقەددەس جايلار قايسىلار؟ ........................ 98
ئىسلامدىكى ھېيت ـ بايراملار قايسىلار؟ ........................ 99
ئىسلام دىنىدىكى ئۇلۇغ كۈنلەر قايسىلار؟ ........................ 100
ئىسلام دىنى قەيەرلەرگە تارقالغان؟ ........................ 102
ھىندى دىنى ........................ 103
مۇقەددەس دەريا ........................ 104
تەبىقە تۈزۈمى دېگەن نېمە؟ ........................ 104
خارىجانلار كىم؟ ........................ 105
دەرىجە تۈزۈمى ........................ 105
كارما (ئەمەل) دېگەن نېمە؟ ........................ 106

هاياتلىقنىڭ مەنبەسى 107

دىنىي ئۇستاز 107

كىشىلەر قايسى يول ئارقىلىق قۇتۇلۇشقا ئېرىشىدۇ؟ 108

زاھىت 110

ھىندى دىنىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ئەقىدە نېمە؟ 110

«ماخابخاراتا» 112

مۇخانداس گەندى 112

ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرى قايسى ئىلاھلارغا چوقۇنىدۇ؟ 113

ھىندى دىنىنىڭ بۇتخانىسى 114

بۇددا دىنى 115

سىدخارسا قانداق چوڭ بولغان؟ 116

سىدخارسا نېمە ئۈچۈن ئوردىدىن ئايرىلدى؟ 117

بۇددا دىنىدا“ تۆت ھەقىقەت” دېگەن نېمە؟ 118

تەپەككۇر قىلىش 119

مەنچايلۇ 120

نىرۋانا دېگەن نېمە؟ 121

بۇت بىردىن بىر ئىلاھمۇ؟ 122

«بۇدھىسكىدا» دېگەن نېمە؟ 123

بۇددا مۇنارى دېگەن نېمە؟ 124

بۇددا دىنى نەلەرگە تارقالغان؟ 125

خۇلاسە 126

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۇنيادىكى دىنلار

## ھاياتىمىزنى نېمە بەلگىلەۋاتىدۇ؟

يەر شارىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئىنسانلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن بەھىر ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمىز. يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈك، ساغلام پەرزەنت، بەختلىك ئائىلە ۋە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قاتارلىقلار بىز ئىنسانلارنىڭ ئارمانلىرىدۇر. بىراق تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋردە، كىشىلەر ئازاب-ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىكلەرنى، ھەمدە بىر قىسىم چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز ئىشلارنى يەنى ئاغرىش، ئېچىش، كېسەل ۋە ئۆلۈم قاتارلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئىشلار قانداق يۈز بېرىدۇ؟ راستىنلا بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئىلاھى قۇدرەت مەۋجۇتمۇ؟ تەقدىر راستىنلا بۇرۇنلا بەلگىلەنگەنمۇ؟ ئىنسان ئۆز تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ؟

يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئىنسانلار ئىزچىل ھالدا، ئادەم زادى نەدىن كەلگەن؟ يەرشارى ۋە ئالەمنى كىم ياراتقان؟ بىز ئۆلگەندىن كېيىن قانداق بولىمىز؟ دېگەن مەسىلىگە باش قاتۇردى، شۇنداقلا يەنە ئىنسانلار بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئىزچىل ئىزدىدى. تارىخنىڭ تەدرىجي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم ئادەملەردە

مۇنداق ئىدىيە شەكىللەندى: دۇنيادا دۇنيا ۋە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى بەلگىلەيدىغان ۋە تەسىر كۆرسىتىدىغان «تەبىئەتتىن ھالقىغان قۇدرەت مەۋجۇت».

يىراق قەدىمكى دەۋردىكى دىن كىشىلەر نەزىرگە ئاتىغان نەرسىلەرنى قوياشقا بېغىشلايتتى، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئويىنىشىپ قوياشقا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى.

## ئەڭ قەدىمكى دىن قانداق ئىدى؟

دىن ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئېتىقاد ياكى ھەممە شەيئىدىن ھالقىغان، ھاياتقا مەنە بەخش ئېتىدىغان مۇقەددەس قۇدرەتلىك ئېتىقادتۇر. نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگىنى سىرلارغا تولغان دۇنيا ئىدى. چاقماق ۋە تۇك قانداق پەيدا بولىدۇ؟ نېمىشقا بەزى بۇلاق قۇرۇپ قالىدۇ؟ ئادەم نېمىشقا كېسەل بولىدۇ؟ بەزى ئادەملەر ئۇۋغا چىقسا تەلىيى نېمىشقا ئۇنچە ئوڭدىن كېلىدۇ؟

ئەينى چاغدىكى ئىنسانلارغا نىسبەتەن، دۇنيا ئىلاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغاچقا، ئىنسانلار چوقۇم توختىماي نەزىر قىلىپ تۇرغاندىلا ئىلاھنىڭ كەيپى چاغ بولاتتى. ناۋادا بۇلاق توختاپ قالسا، كىشىلەر بۇلاق ئىلاھىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىق سەۋەبىدىن بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن، ئىنسانلار ئىلاھقا ئاتاپ نەزىر قىلىشى كېرەك ئىدى. كىشىلەر ئۇۋغا مېڭىش ئالدىدا، ئاسانراق ئۇۋغا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

قىلىش ئۈچۈن چوقۇم سىپھىر قىلاتتى.

بىز نۇرغۇن ئۆڭكۈرلەردىن تام رەسىملىرىنى بايقىدۇق، بۇ تام رەسىملىرى» ئوۋ سىپھىرگەرلىكى« بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلار كۆپرەك ئوۋغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى سەنئەت ئىجادىيىتىدۇر. بۇ تام رەسىمدە سىزىلغىنى قوغلىنىۋاتقان ئوۋ، بۇلاردىن بەزىسىگە ئوقيا ئوقى تەگكەن. بەزى ئۆڭكۈرلەرنىڭ تېمىدىن، كىشىلەر ئوقيا ئوقى تەگكەن ئىزلارنىمۇ بايقىغان. پەرىزىمىزچە، بۇ يىراق قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئوۋنىڭ ئوۋلىنىش شەكلىنى ئوبراز ئىپادىلەش ئارقىلىق» ئوۋ سىپھىرگەرلىكى» نى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

## تاش قەبرىلەرنىڭ نېمە رولى بار؟

ياۋروپانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە، كىشىلەر بىر قىسىم غايەت زور تاش دۆۋىلىرىنى بايقىيالايدۇ. بۇ تاشلار بەلگىلىك تەرتىپتە دەستىلەنگەن. ئەڭ مەشھۇرلىرى ئەنگلىيەدىكى غايەت زور يۇمىلاق تاش تۈۋرۈكلەردىن تۈزەلگەن يىراق قەدىمكى زامانغا تەۋە تاش قەبرىلەردۇر.

فىرانسىيەنىڭ كاناكىدا بىر غايەت تاش ئورمانلىق بولۇپ، تەخمىنەن 5000 يىللار ئىلگىرىكى مىس قوراللار دەۋرى ئەمدىلا باشلانغان ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن. نۆۋەتتە كىشىلەر بۇ تاش قەبرىلەر ئاساسلىقى يۇلتۇز، ئاي ۋە قۇياشنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دەپ پەرەز قىلىشماقتا. بۇ قورۇلۇشلار كىشىلەرنىڭ قۇياشقا ياكى ئايغا

تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايى بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن. كىشىلەر شۇنى تامامەن تەسەۋۋۇر قىلالايدۇكى، ئەينى دەۋردە كىشىلەر چوقۇمكى قۇياش ۋە ئاينى، بولۇپمۇ نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىدىغان قۇياشنى سېھرىي كۈچى بار، تەبىئەتتىن ھالقىغان شەيئى دەپ قارىغان. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر قاياشنى ئىلاھ دەپ چوقۇنۇشى تەبىئىي ئىدى.

## قەدىمكى مىسىرلىقلار نېمىگە ئېتىقاد قىلغان؟

ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي ئېقىمىدا، ئىنسانىيەتنىڭ دىنغا بولغان تونۇشى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ كەلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500 ـ يىللار ئەتراپىدا قەدىمكى مىسىردا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى بولمىش ـ قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى دۇنياغا كەلگەن. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ تۇرمۇشى مىس قوراللار دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ مۇرەككەپ ئىدى.

ئەينى دەۋردە چوڭ شەھەرلەر سودا ۋە قاتناش بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى مىسىرنىڭ تەبىئىي پېنىمۇ غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، كىشىلەر نۇرغۇن تەبىئىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرەلىگەن. ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالىيالىغان.

قەدىمكى مىسىرلىقلار كۆپ ئىلاھلىق دىنغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلار كۆپ ئىدى. ئۇلار دىنىنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھەر بىرى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىگە رەھبەرلىك قىلاتتى. ئوسىرىس باقىي

دۇنيا بىلەن دېھقانچىلىق ئىلاھى ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سەتھ ئاكىسى ئوسىرىسقا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىراق ئوسىرىس ئايالى ئىسىسىرنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تىرىلىدۇ. بۇ ھېكايەت قەدىمكى مىسىرلىقلارنى ئىشەندۈرىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قايتىدىن ھوشىغا كېلىدۇ، ھاياتلىق داۋام ئېتىدۇ، كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن تۇرىدىغان ئۇ جاي «مەغرىب» دېيىلىدۇ. خورۇس (horus) ئوسىرىس بىلەن ئىسىرىسنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ بېشى بۈركۈتنىڭ بېشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى پىرئەۋننى قوغدىغۇچى ئىلاھ بولۇپ، پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى ئىدى. پىرئەۋن خورۇسنىڭ پانىي ئالەمدىكى ۋەكىلى دەپ قارىلاتتى، ھەمدە ئاۋام چوقۇناتتى.

بىر ئىلاھلىق دىن: بىرلا ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان، باشقا ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشنى چەتكە قاقىدىغان دىندۇر. بىر ئىلاھلىق دىننىڭ ئېتىقادىدا، ئىلاھ ئىنساننىڭ ھەر قانداق سۈپىتىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ. بىز چۈشىنىدىغان ئىسلام دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى بىر ئىلاھلىق دىندۇر.

كۆپ ئىلاھلىق دىن: كۆپ ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت. كۆپ ئىلاھلىق دىننىڭ ئىلاھلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ ئىلاھلار ئۆلمەيدۇ ھەمدە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنسانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئىلاھلار بىلەن ئىنسانلار بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ: ئۇلار ئۆزئارا توي قىلىشىدۇ، تەبرىكلىشىدۇ، ئۇرۇشىدۇ، ئالدىشىدۇ، ھەسەت قىلىشىدۇ. قەدىمكى گىرېتسىيەلىكلەر، رىملىقلار ۋە گېرمانىكلار كۆپ ئىلاھلىق دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھىندى دىنىمۇ كۆپ

ئىلاھلىق دىندۇر.

قەدىمكى گىرېتسىيە رىۋايەتلىرىدە، ئىلاھلار ئولۇمپىس تېغىدا تۇرارمىش، مەرتىۋىسى ئەڭ ئۈستۈن ئىلاھ يۇپىتېرمىش، ئۇ چاقماق ئىلاھىمىش، يۇپىتېرنىڭ ئاكىسى پوسسى ئۈچ قوللۇق ئارىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇ دېڭىز ئىلاھىمىش.

بىر ئۆلگۈچى ئانۇبىسنىڭ ئالدىدا تىزلانغان، ئانۇبىس قەدىمكى مىسىر رىۋايىتىدىكى باقىي ئالەمنىڭ قاراۋۇلى.

## راستىنلا «ئەڭ توغرا» دىن بارمۇ؟

مىڭلارچە يىللاردىن بېرى، دىنىي ئېتىقادنىڭ مەزمۇنى ۋە دىنىي ئىدىيە ئىزچىل ئۆزگىرىپ كەلدى. «ئىنسانلار دىنغا ئېتىقاد قىلامدۇ- يوق؟» ياكى «ئۇلارنىڭ ئېتىقادى نېمە؟» دېگەنلەر ھامان ئۇلار ياشىغان شارائىت ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھالىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. ھەر بىر دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ھەق دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ توغرا دەپ قاراۋاتقىنى ئۇلارنىڭ گۈزەل ھاياتىنى يارىتىۋاتقان ئۆزىنىڭ دىنىدۇر. ئۆز دىنىي ئېتىقادىدا، مۇخلىسلار ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ مەناسىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە ئاشۇ ئۇلۇغلاردىن ئۈلگە ئېلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھەرىكەت مىزانى بەلگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## دۇنياۋى دىن دېگەن نېمە؟

دۇنياۋى دىنى دېگەندە، دۇنيا مىقياسىدا مۇخلىسلىرى ئەڭ كۆپ ياكى ئالاھىدە ھېكمىتى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولغان دىنني كوللېكتىپتۇر. ھەممە ئېتىراپ قىلغان دۇنياۋى دىنلاردىن:

خىرىستىيان دىنى (كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، پىروتېستانت دىنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىسلام دىنى، يەھۇدىي دىنى، بۇددا دىنى ۋە ھىندى دىنى قاتارلىقلار.

دۇنيادا مۇخلىسلىرى ئەڭ كۆپ دىن خىرىستىيان دىنىدۇر. دۇنيا بويىچە مۇخلىسلىرى تەخمىنەن 2 مىلياردتىن ئارتۇق. ئەڭ چوڭ دىنى خىرىستىيان دىنى كوللېكتىپ —— 9 يۈز مىليون مۇخلىسى بار كاتولىك دىنىدۇر. مۇخلىسلىرى سانى جەھەتتە 2- ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئىسلام دىنىدۇر. دۇنيادا جەمئىي بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار. ئۇلارنىڭ كۆپى ئوتتۇرا شەرق رايونى ۋە ئافرىقىنىڭ شىمالى ۋە غەرب تەرىپىدە ياشايدۇ. ھىندى دىنىنىڭ تەخمىنەن 750 مىليون مۇخلىسى بار بولۇپ، كۆپ قىسمى جەنۇبىي ئاسىيادا ياشايدۇ. ھىندى دىنى ھىندىستاندا بەرپا بولغان بولغاچقا، 650 مىليون مۇخلىسى بار. دۇنيا بويىچە 350 مىليون بۇددىست بار. بىرما ۋە تايلاند خەلقىنىڭ 85% ى بۇددىستتۇر. تايلاند ۋە بوتاندا بۇددا دىنى دۆلەت دىنىدۇر. خىتايدا بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى ئەڭ كۆپ دىنلارنىڭ بىرىدۇر. يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى تەخمىنەن 14 مىليون، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەدە ياشايدۇ.

# يەھۇدىي دىنى

تارىخچىلارنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، يەھۇدىي دىنى ئەڭ قەدىمكى بىر ئىلاھلىق دىندۇر. تەخمىنەن 3500 يىل ئىلگىرى يەھۇدىي دىنى ھازىرقى ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىن رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئۆز يىلتىزىنى يەھۇدىي دىنىدىن ئىزدەيدۇ. يەھۇدىي دىنى ئەقىدىسىدە ئەڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسىم مەسىھقا بولغان ئۈمىد. مەسىھ ئىلاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، بۇ دۇنيادا تىنچ دۆلەت قۇرىدۇ. بىراق ئۇ پەقەت مەرتىۋە ياكى ئاتاق بولۇپ، مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئىسمى ئەمەستۇر. خىرىستىيان دىنىدىمۇ يەھۇدىي دىنىدىكى مەسىھقا ئېتىقاد قىلىدۇ.

يەھۇدىي دىنى مۇخلىسلىرى ئۆزلىرىنى يەھۇدىيلار دەپ ئاتايدۇ. ئىسرائىلىيە ئەسلىدە بىر جاينى ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنى كۆرسىتەتتى. يەھۇدىي مىللىتىنىڭ تارىخى «ئىنجىل» دا خاتىرىلەنگەن. يەھۇدىيلار يەھۇدا قوۋمىنىڭ (يەھۇدىيلارنىڭ 12 قوۋمىنىڭ بىرى) ياكى يەھۇدا پادىشاھلىقىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

### ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىم؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادى. «ئىنجىل» دا ئۇنىڭ ھېكايىسى خاتىرىلەنگەن. ئەلۋەتتە «ئىنجىل» دىكى ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكىلى بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، «ئىنجىل» دىكى بىر قىسىم ئىشلار تارىخنىڭ ئىسپاتلىشىدىن ئۆتكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكايىسى تەخمىنەن 3500 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن يۇرتى مىسسوپاتامىيەدىكى يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن تاللىغان مەملىكەتكە يول ئالغان. بۇ جاي «ئىنجىل» دا كەنئان دېيىلگەن. ئاللاھ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا بىر ۋەدە بولۇپ، ئاللاھ بۇ زېمىننى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ھەدىيە قىلغان، بىراق ئۇلار تاللىۋېلىنغان مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېگانە ئاللاھقا ھۆرمەت كۆرسىتىشى كېرەك.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئايالى بۇۋى سارەنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تېخى پەرزەنتى يوق ئىدى. كېيىن بۇۋى سارە قېرىغاندا بىر ئوغۇل تۇغدى، ئىسمىنى ئىسھاق قويدى. ئىسھاقنىڭ ئايالى رەفىق قوشكېزەك ئوغۇل ئەيس بىلەن ياقۇپنى تۇغدى. ياقۇپ ئاللاھتىن ئىبراي تىلىدىكى ئىسمى «ئىسرائىل» غا ئېرىشتى. بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى ئاللاھ بىلەن كۈچ سىناشقۇچى ئىدى. شۇڭا ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى «بەنى ئىسرائىل» دەپ ئاتالدى.

ياقۇپنىڭ لىياھ ۋە راھىل قاتارلىق تۆت ئايالى بولۇپ، بۇلاردىن 12 ئوغۇللۇق بولغان. ئۇنىڭ 4- ئوغلىنىڭ ئىسمى يەھۇدا بولۇپ، كېيىن بەنى ئىسرائىلنىڭ بىر قوۋمىنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىسىم ئۆزگىرىپ يەھۇدىي دېگەن نام كېلىپ چىققان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

يەھۇدىي دىنى، ئىسلام دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى ئىبراھىمنىڭ دىنى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئورتاق پەيغەمبىرىدۇر.

## كەنئان

كەنئان ئەڭ دەسلەپتە يەھۋاھ تەڭرى يەھۇدىيلارغا بەرگەن «ئۆستەڭلىرىدە سۈت ۋە ھەسەل ئېقىپ تۇرىدىغان گۆھەر زېمىن» نى كۆرسىتىدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ يىلنامىسى

يەھۇدىيلارنىڭ يىلنامىسى بىلەن ھازىرقى دۇنيادا ئورتاق ئىشلىتىۋاتقان يىلنامە ئوخشىمايدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ يىلنامىسى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى باشلىنىش قىلمايدۇ. بەلكى «دۇنيانىڭ يارىتىلىش» ۋاقتىنى باشلىنىش قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل ئۇسۇل يەر شارىنىڭ ھەقىقىي يېشىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. «ئىنجىل» دىمۇ بۇ كۈن خاتىرىلەنگەن. يەھۇدىيلارنىڭ يىلنامىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3761 ـ يىلدىن باشلىنىدۇ. بۇ مىلادى 2000 ـ يىلى يەھۇدىيلارنىڭ 5761 ـ يىلى دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## پەنتىكوست

پاسخا بايرىمىنىڭ 7 ـ ھەپتىسى، كىشىلەر پەنتىكوست بايرىمىنى تەبرىكلەيدۇ. شۇڭا بۇ بايرام پەنتىكوست دەپ ئاتالغان. چۈنكى كىشىلەر پاسخا بايرىمىدىن باشلاپ دەل 50 كۈن ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ يەتتە ھەپتىدىن كېيىن، ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بەنى ئىسرائىلغا ئون ئىككى پارچە تاختىغا يېزىلغان 1000 سۆزنى چۈشۈردى، بۇ بايرام مۇشۇ ۋەقەنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان. شۇنداقلا ئۇ بىر مول ھوسۇل بايرىمىدۇر. چۈنكى ھەر يىلنىڭ مۇشۇ پەيتى (يەنى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن كېيىن) ئىسرائىلىيەلىكلەر بىر يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدىن بىرىنچى قېتىم ھوسۇل يىغىدىغان پەيتتۇر.

## كىشىلەر پاسخا بايرىمىنى قانداق تەبرىكلەيدۇ؟

پاسخا بايرىمى ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ تارىختىكى بىر ۋەقەنى خاتىرىلەش: مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى مىسىردىن ئېلىپ چىققان كۈننى خاتىرىلەش بايرىمىدۇر.

بەنى ئىسرائىل ياقۇپنىڭ ئوغلى يۈسۈفكە ئەگىشىپ مىسىرغا كەلگەن، دەسلەپتە بەنى ئىسرائىللار ناھايىتى ياخشى كۈن كۆرگەن. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مىسىرلىقلار ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا قۇللارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغان. بەنى ئىسرائىلنىڭ كەنئانغا قايتىش ئارزۇسى كۈنسېرى كۈچەيگەن. ئاخىرى

ئۇلار مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ يول باشلىشى بىلەن كەنئانغا قايتىپ كەلگەن. بۇ قېتىملىق جاپالىق «قېچىپ چىقىش» تۆت يىل داۋاملاشقان. بۇ قېتىملىق مىسىردىن قېچىپ چىقىش جەريانىدا مۇسا ئەلەيهىسسالامغا تۇر تېغىدا ئاللاھتىن ئون ئىككى پارچە تاختىغا يېزىلغان 1000 سۇرە چۈشتى. بۇلار «تەۋرات» دا تولۇق خاتىرىلەنگەن.

پاسخا بايرىمى كېچىسى كىشىلەر بىر قىسىم ئالاھىدە، بەلگىلىك چوڭقۇر مەنىسى بار يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ. بەزى ئائىلە ئەزالىرى مىسىردىن قېچىپ چىقىش ھېكايىسىنى ئېيتىدۇ. ھېكايە چوقۇم جانلىق، ئوبرازلىق، ھەر بىر ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان، خۇددى ئۆزى مىسىردىن قېچىپ چىقىش ۋەقەسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك تۇيغۇغا كېلىشى كېرەك.

## سۈككوت بايرىمى دېگەن نېمە؟

سۈككوت ئىبراي تىلىدىكى سۆز بولۇپ، دەرەخ شېخى ۋە يوپۇرمىقى بىلەن ساتما سېلىش دېگەن مەنىدە. بۇ بايرام بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن قېچىپ چىقىش ۋاقتىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان.

مۇسا ئەلەيهىسسالام بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ، مىسىردىن قېچىپ چىققان ۋاقىتتا ئۇلار بىپايان قىزىل دېڭىزدىن چوقۇم ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن مۆجىزە يۈز بېرىپ، قىزىل دېڭىز سۈيى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، بەنى ئىسرائىل ھېچبىر زىيان-

زەخمەتسىز قىرغاقا چىقارغان. بارلىق كىشىلەر بۇ سۇدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، سۇ قايتىدىن يەنە بىرلەشكەن، شۇنداق قىلىپ بەنى ئىسرائىلنى قوغلاپ كېلىۋاتقان پىرئەۋننىڭ ئەسكەرلىرى سۇدا غەرق بولغان. مىسىردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، بەنى ئىسرائىللار قۇملۇقتا بىردەم ئارام ئالغان ھەمدە قۇملۇقتىن دەرەخ شېخى ۋە كالتەكلەرنى تېپىپ كېلىپ ئاددىيغىنە ئۆي سالغان.

شۇڭا يەھۇدىيلار ھازىر سۇككوت بايرىمى ئارقىلىق بۇ تارىخنى خاتىرىلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھەر بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىدە بىر ئېغىز ساتما بار. بۇ ساتمىلار يەھۇدىيلارنىڭ ئائىلىسىگە، سىناگوگ(Synagogue) (يەھۇدىيلار ئىبادەتخانىسى) ياكى دۇئا ـ تىلاۋەت سورۇنلىرى ھويلىسىغا سېلىنىدۇ. يەھۇدىيلار بىر يەرگە يىغىلىپ تاماق يېيىشىدۇ، پاراڭلىشىدۇ.

## چانۇكا بايرىمىدا شامداندا نېمىشقا توققۇز تال شام بولىدۇ؟

قىشتا يەھۇدىيلار چانۇكا بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ. چانۇكانىڭ مەنىسى «پۈتۈش مۇراسىمى» دۇر. بۇ بايرامنى ئاساسلىقى يېرۇسالېم قۇددۇسنىڭ پۈتكەن ۋاقتىنى تەنتەنە قىلىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 167 ـ يىلدىن مىلادى 164 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، گىرېتسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بەنى ئىسرائىلنىڭ قۇددۇسىغا بېھۆرمەتلىك قىلىپ، ئۇلار ئۆز ئىلاھىنىڭ ھەيكىلىنى

قۇددۇسقا قويغان. ماتتاسىياس ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يەھۇدا ھەمدە يەھۇدانىڭ تۆت قېرىندىشى بۇ باسقۇنچىلار بىلەن ئۈچ يىل كۈرەش قىلىپ، ئاخىرى غەلىبە قىلىدۇ. قۇددۇسنىڭ يېغىدىن پۇتكەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كىشىلەر يەتتە قوللۇق شامدانغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىر ھەپتىدىكى ھەر بىر كۈندە مىرو(دىنىي مۇراسىمدا ئىشلىتىلىدىغان ماي) كۆيۈپ تۇراتتى. شامدانغا بىر ئوت يېقىلسىلا ئۆچۈرۈشكە بولمايتتى. لېكىن ئېشىپ قالغان مىرو بىر كۈن كۆيۈشكە يېتەتتى. بىراق يېتەرلىك مىرو تەييارلاش ئۈچۈن ئاز دېگەندە سەككىز كۈن كېتەتتى. كىشىلەر قۇددۇس پۇتكەن ۋاقىتنى كىچىكتۈرۈشنى خالىمىغاچقا، شامدانغا ئوت ياقاتتى. بۇ ۋاقىتتا مۆجىزە يۈز بېرىپ، شامدان كىشىلەر يېڭى مىرونى تەييارلىغۇچە بولغان سەككىز كۈن كۆيىدى. شۇڭا چانۇكا بايرىمىنىڭ شامدىنىدا جەمئىي سەككىز تال شام بولۇپ، سەككىز كۈنىنىڭ سىمۋولى، بىراق توققۇزىنچى تال شام «مالاي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ باشقا سەككىز تال شامنى يېقىش ئۈچۈن قويۇلغان.

## يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى نېمە؟

يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى ئىبراي تىلىدىكى «ئىنجىل»، يەنە «تاناخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ(ئۇيغۇر تىلىدا تەۋرات دەپ ئومۇملاشقان). بۇ ئىبراي تىلىدىكى ئۈچ پارچە مۇقەددەس كىتابنىڭ قىسقارتىلمىشى: «تەۋرات» نىڭ مەنىسى قانۇن، شۇڭا بۇ كىتاب يەنە «قانۇن دەستۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى كىتاب «نەۋىم» (Navim) (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) ۋە «كەتۇۋىم» (Ketuvim)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(توپلام) دۇر. «تاناخ» (تەۋرات) نى خرىستىيان دىنىي مۇرىتلىرى ئىنجىلنىڭ بىر قىسمى دەپ ئاتايدۇ.

بۇ ئۈچ پارچە مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەڭ مۇھىم پارچىسى بىرىنچى بۆلەك «تەۋرات» تۇر. ئۇنىڭدا بەنى ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ ئەجدادى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ۋە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى خاتىرىلەنگەن.

ئۇنىڭدا يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ئون ئىككى پارچە تاختىغا يېزىلغان 1000 سۈرە خاتىرىلەنگەن، ھەمدە بەنى ئىسرائىلغا ھەدىيە قىلغان ھېكايىسى خاتىرىلەنگەن. كىشىلەر «تەۋرات» نى يەنە «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەش كىتابى» دېيىشىدۇ. خرىستىيان مۇخلىسلىرى ۋارىسلىق قىلغان ئون ئىككى پارچە تاختىغا يېزىلغان 1000 سۈرە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم قىسمىدۇر.

«تەۋرات» بىلەن «تاناخ» نىڭ باشقا بۆلەكلىرى ئىبراي تىلىدا يېزىلغان. ھەر بىر يەھۇدىي سىناگوگ (يەھۇدىيلار ئىبادەتخانىسى) ياكى يىغىلىش سورۇنلىرىدا چوقۇم ئاز دېگەندە بىر قول يازما «تەۋرات» بولىدۇ. بىر يىل ئىچىدە، يەھۇدىيلار «تەۋرات» نى بىر بۆلەك ـ بىر بۆلەكتىن تولۇق يادلاپ چىقىدۇ.

ھەر بىر يەھۇدىي دىنى مۇخلىسلىرىغا نىسبەتەن «تەۋرات» نىڭ بىر پارچىسىنى يادلاش زور شەرەپتۇر.

## ھاخام كىم؟

قەدىمدىن تارتىپ، كىشىلەر «تەۋرات» نىڭ تەپسىرىنى يىغىشقا باشلىغان. ئۇلار «تالمۇد» تا، يەنە يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنىدا (فىقھە كىتابى دېيىلىدۇ) خاتىرىلەنگەن. يەھۇدىي دىنىدىكى «ھاخام» لار (يەھۇدىي دىنىنىڭ موللىلىرى) «تەۋرات» بىلەن «تالمۇد» نى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇلار مۇخلىسلارغا پەرھىزلەرنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا قانداق ئىزچىللاشتۇرۇشنى، «تەۋرات» تىكى ھېكايىلەرنى قانداق توغرا چۈشىنىشنى تەبلىغ قىلىدۇ.

ھاخام يەھۇدىيلارنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ئۆلىمالاردۇر. بۇرۇن ھاخاملارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر ئىدى، يېقىنقى ئون نەچچە يىللاردىن بىرى ئاياللارمۇ ھاخام بولالايدىغان بولدى.

## قۇددۇس

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 900-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە سۇلايمان پادىشاھ ياساتقان. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدىن ئېلىپ كەلگەن1000 سۇرە يېزىلغان ئۇن ئىككى پارچە تاش تاختا ساقلانغان بىر ئىبادەت مۇقەددەس ئۆيدۇر. بىر يىلدىن كېيىن پەقەت يەھۇدىيلار گۇناھىنى يۇيۇش كۈنى يەھۇدىي دىنىدىكى ئەڭ ئالىي مۇقەددەس شەخسلا بۇ ئۆيگە كىرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يېڭى يىل

يەھۇدىيلار كۆزدە يېڭى يىلنى تەبرىكلەيدۇ. بۇ كۈن روش ھاشانا دېيىلىدۇ، مەنىسى يىل بېشى دېگەنلىكتۇر. يېڭى يىلنىڭ بۇ كۈنىدە ئەرلەر سىناگوگقا يىغىلىپ تىلاۋەت ۋاقتىدا ئاپئاق يېپىنچا سېلىۋالىدۇ. بۇ پاكلىق ئىچىدە يېڭى يىلنى باشلاش دېگەننى كۆرسىتىدۇ.

## گۇناھنى يۇيۇش كۈنى

يېڭى يىلنىڭ ئونىنچى كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ گۇناھنى يۇيۇش كۈنى. بۇ كۈن روزا كۈنى بولۇپ، بۇ كۈندە يەھۇدىيلار ھېچنەرسە يېمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەن بىر يىلدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلنى باشلاپ قىزىل دېڭىزدىن ئۆتىدۇ. بوران سۇنى ئىككىگە ئايرىيدۇ. بەنى ئىسرائىل قوۋمى ھېچبىر خەۋپ- خەتەرسىز قىرغاقتا چىقىدۇ.



يېرۇسالېمدىكى قۇددۇستا بىر يەتتە قوللۇق شامدان بولۇپ، ئۇ يەھۇدىي دىنىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. لېكىن چانۇكا بايرىمىدىكى شامداندا توققۇز تال شام بولىدۇ.

تىلاۋەت كىيىمى كىيىۋالغان بىر يەھۇدىي بالا، ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يېتىش

كۈنىدە دۇئا ئايىتىنى ئۇنىلۇك ئوقۇماقتا. ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دوپپىسى ۋە ئايەت قۇتىسىنى تاقىغان، يەنە ئۈستىگە تىلاۋەت يېپىنچىسى ئارتىۋالغان.

## دۇئا دېگەن نېمە؟

دۇئا يەھۇدىي دىنىدىكى ئايەتتۇر. ئۇ يەھۇدىي دىنىدىكى دۇنيادا بىرلا ئىلاھ بار دېگەن ئەڭ ئاساسلىق دىنى ئەقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبراي تىلىدىكى بۇ دۇئانىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى تەرجىمە قىلساق «ئى بەنى ئىسرائىل! ئاڭلا، تەڭرى، بىزنىڭ ئىلاھىمىز يېگانە ئىلاھتۇر. سەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن، پۈتۈن ھاياتىڭ بىلەن، پۈتۈن نىيىتىڭ بىلەن، بارلىق كۈچۈڭ بىلەن ئۇنى سۆي —— سېنىڭ ئىلاھىڭ مەڭگۈلۈك بىردىنبىر ئىلاھتۇر!»

بەزىدە دۇئا قىلىۋاتقان يەھۇدىي ئەر مۇخلىسلىرى تاسما بىلەن كىچىك تېرە قاپچۇقنى سول قولىغا يۆگىۋالىدۇ ھەمدە يۈرىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىچىك تېرە قاپچۇقنى پېشانىسىگە تېڭىۋالىدۇ.

بۇ كىچىك تېرە قاپچۇقلار ئايەت قۇتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئايەت قۇتىسىغا تېرە پۈتۈك يۆگەك سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە دۇئا ئويۇلغان. يەھۇدىي ئەر مۇخلىسلىرى ئىلاھقا بولغان ھۆرمەت بىلدۈرۈپ دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، بېشىنى يۆگەشكە موھتاج بولىدۇ. ئۇلار يېپىنچا ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دوپپىسىنى ئىشلىتىدۇ. ئەڭ ۋەكىللىك دوپپا بىر خىل يۇمىلاق يەھۇدىي دوپپىسىدۇر. سىناگوگتا ياكى يەھۇدىيلارنىڭ قەبرىستانلىقىدا يەھۇدىي بولمىغان ئەرلەرمۇ چوقۇم بېشىنى يۆگىشى كېرەك.

## كىشلەر سەببات كۈنلىرىنى قانداق تەبرىكلەيدۇ؟

سەببات كۈنى يەھۇدىي دىنىدىكى مۇھىم كۈنلەرنىڭ بىرى. سەببات كۈنى يەھۇدىي دىنىدىكى ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى كەچتىن شەنبە كۈنى كەچكىچە داۋاملىشىدىغان ئارام ئېلىش كۈنىدۇر. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يەھۇدىي دىنى كالېندارىغا ئاساسلانغاندا، ھەر بىر كۈن بىر ئاخشامدىن ئىككىنچى بىر ئاخشامغىچە ھېسابلىنىدۇ. كىشلەر ئۆيدە ياكى سىناگوگتا سەببات كۈنىنى تەبرىكلەيدۇ. ئانىلار سەببات كۈنى شام ياقىدۇ، ئىككى تال ياكى ئۆيدە قانچە ئادەم بولسا ئادەم بېشىغا بىردىن شام ياقىدۇ. ئۆيدىكى ھەممە ئادەم شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشىدۇ. دادا ئۈزۈم ھارىقى قۇيۇپ بەخت تىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. (بايرام ۋە سەببات كۈنى ھارپىسىدىكى بەخت تىلەش مۇراسىمى). جۈمە كۈنى كەچ بىلەن شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سىناگوگتا ئىبادەت قىلىدۇ.

## يەھۇدىي ئوغۇللىرىنىڭ بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمى

يەھۇدىي ئوغۇللىرى 13 ياشقا كىرگەندە، بالاغەتكە يەتكەن يەھۇدىي دىنى مۇرىتىغا ئايلىنىدۇ. يەھۇدىيلار

هاياتىنىڭ بۇ باسقۇچىنى بايرام شەكلىدە تەبرىكلەيدۇ، بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمىدا، ئوغۇل بالا ئىبادەتتە تۇنجى بولۇپ، ئىبراي تىلىدىكى «ئىنجىل» نى قىرائەت قىلىدۇ. زامانىۋى سىناگوگتا قىزلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەبرىكلەش مۇراسىمى بولۇپ، يەھۇدىي قىزلىرىنىڭ بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

## پاك يېمەكلىك

«تەۋرات» ۋە «تالمۇد» تا يېمەكلىك ھەققىدە مىزان بار. بۇ مىزان يەھۇدىي دىنىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك بەلگىلىمىسىدۇر. بۇنىڭدا دىنى نەزەر بىلەن قانداق يېمەكلىكلەرنىڭ پاكلىقىنى بېكىتكەن. پاك يېمەكلىكلەر ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلار ۋە كۆشىگۈچى ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چوشقا پاك ئەمەس، سۇ جانلىقلىرىدىن قاسىراقلىق ۋە پالاقلىق جانلىقلارنى يېيىشكە بولىدۇ. لېكىن يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنى يېيىشكە بولمايدۇ. يەنە يېيىشكە بولىدىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەندە بوغۇپ ئۆلتۈرمەي، چوقۇم قېنىنى ئاققۇزۇش كېرەك.

رەسىم دارمىستاتتىكى خىرىستىيان دىنى ئىبادەتخانىسى. بارلىق يەھۇدىي دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىشكاپ بولىدۇ. ئىشكاپتا «تەۋرات» ساقلىنىدۇ. ئىشكاپ ئالدىغا تەۋراتنى ئېچىپ ئوقۇش ئۈچۈن، قىرائەت ئۈستىلى قويۇلىدۇ. ئايال مۇخلىسلار بىلەن. ئەر مۇخلىسلار ئايرىم ئولتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn

## خەتنە قىلىش

ئوغۇل بالىلارنىڭ خەتنىسىنى قىلىش يەھۇدىيلارغىلا خاس ئۆرپ-ئادەت ئەمەس، مۇسۇلمانلارمۇ خەتنە قىلىدۇ. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئەجدادىدۇر. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بۇۋى ھەجەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى تۇغقان، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ خەتنىسىنى قىلغان.

## قەتلىئام

يەھۇدىيلار خىرىستىيانلارنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، ئەڭ ئەشەددىي زىيانكەشلىك 1933-يىلدىن 1945-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ناتسىستلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى گېرمانىيەدە يۈز بەرگەن، بۇ مەزگىلدە تەخمىنەن 6 مىليون يەھۇدىينى يىغىپ قەتلىئام قىلىنغان. بۇ قېتىملىق قەتلىئامدىن ئامان قالغان يەھۇدىيلار، 1948-يىلى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ يېڭى ھاياتىنى باشلىغان.

## سېناگوگ (يەھۇدىي دىنى ئىبادەتخانىسى) نىڭ رولى نېمە؟

يەھۇدىي دىنىنىڭ ئىبادەت مۇراسىمى كۆپىنچە مەخسۇس يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. گىرېك تىلىدا بۇنداق ئورۇنلار ›› سېناگوگ(synagoge) ‹‹ ئىبراي تىلىدا ›› بېتك نەسسەت ‹‹ (Betknesset) دېيىلىدۇ. ›› تەۋرات‹‹ بېتك نەسسەتنىكى بىر بېزەلگەن ئىشكاپتا ساقلىنىدۇ.

ئىبادەت چوقۇم›› سىناگوگ‹‹ تا ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئەمەس، پەقەت بىر پارچە ›› تەۋرات‹‹ بولسا، ھەمدە مۇشۇ ئىبادەتكە قاتنىشىدىغان ئادەم سانى 10 نەپەر 13ياشتىن يۇقىرى قۇرامىغا يەتكەن ئەر كىشى بولسىلا ئىبادەت قىلسا بولىدۇ. ئىبادەت مۇراسىمىغا ھەرقانداق بىر نەپەر قۇرامىغا يەتكەن يەھۇدىي دىنى مۇخلىسى رىياسەتچىلىك قىلسا بولىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىبادەتكە بىر نەپەر مۇناجات باشلامچىسى ياكى ھاخام رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

## يەھۇدىيلار بىر مىللەتمۇ ياكى بىر دىنىي جامائەتمۇ؟

ناۋادا بىر ئادەم يەھۇدىي بولسا، بۇ ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە دىن تەۋەلىكىنى بەلگىلەيدۇ. يەھۇدىيلارغا نىسبەتەن ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى يەھۇدىي بولسا ئۇنىڭ بالىسى يەھۇدىي بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر يەھۇدىينىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش- قىلماسلىق ياكى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى ئۆزى بەلگىلىيەلەيدۇ. ئەگەر ئەسلىي يەھۇدىي بولمىغان بىر كىشى، يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى تاللىسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى يەھۇدىي مىللىتى قاتارىغا قوشۇلۇپ يەھۇدىي بولىدۇ.

## ھىجرەتتىكى يەھۇدىيلار دېگەن نېمە؟

گىرېك تىلىدا ‹‹Diaspora›› نىڭ مەنىسى چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلار دېگەنلىك بولۇپ، ئادەتتە ئىسرائىلىيە زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز دەسلەپتە بەنى

ئىسرائىل قوۋمىدىن كەلگەن. چۈنكى ئۇلار كەنئاننىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، مەسىلەن: مىسىر ياكى بابىلونغا ھىجرەت قىلىپ مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. مىلادى 70 ـ يىلى رىملىقلار يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىي قۇددۇسنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن يەھۇدىيلار رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىۋېتىلگەن. كىشىلەر ئۇلارنى ئىككىگە بۆلگەن، بىرى ئاسچكەناسىم (Aschkenasim) گېرمانىيەگە، ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە روسىيەگە تارقالغان يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى سەفاردىم (Sephardim)، بۇ ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە، شىمالىي ئافرىقا، گىرېتسىيە، ئىتالىيە، يەمەن، سۈرىيە ۋە ئېفىيوپىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كۆپ قىسىم يەھۇدىيلار ئامېرىكا (تەخمىنەن 6 مىليون ئادەم) بىلەن ئىسرائىلىيە (4 مىليون ئادەم) گە ئولتۇراقلاشقان. ياۋروپاغا تەخمىنەن 3 مىليون يەھۇدىي تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى روسىيە ۋە فىرانسىيەدە ياشايدۇ.

# خىرىستىيان دىنى

## خىرىستىيان دىنى نەدىن كەلگەن؟

خىرىستىيان دىنى يەھۇدىي دىنىنى يىلتىز قىلغان دىندۇر، ئۇ تەخمىنەن بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ جۇدىيا بىلەن جەلىلىيە، يەنى ھازىرقى ئىسرائىلىيە بىلەن پەلەستىن رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىككى رايون خەلقى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئۇلار رىم ئىمپېراتورلىرىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغاچقا تولىمۇ نارازى ئىدى.

خىرىستىيان مۇخلىسلىرى، يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشاشلا ھەممىگە قادىر بىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئېتىقادىدا شۇنداق قارايدۇكى، كىشىلەر شۇنداق ئۈمىدتە بولۇشى كېرەككى، ئىلاھ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، دۇنيادىكى بارلىق گۇناھلار، رەھىمسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى يوقىتىدۇ، كېيىن دۇنيا مەڭگۈ تىنچ، بارلىق ئىنسانلار بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ ئىبراي تىلى بويىچە ئېيتقاندا

كىشىلەر ئارزۇ قىلغان بۇ دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى كىشى «مەسىھ» گىرېك تىلىدا نامى « ئەيسا مەسىھ »دۇر. ئەيسا پەيغەمبەر بىلەن بىللە ياشىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەيسا تەڭرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەر، ئۇ ئەيسا مەسىھتۇر دەپ چۇڭقۇر ئىشىنىدۇ. «ئەيسا مەسىھ» كىشىلەرنىڭ يېڭى ئېتىقادىغا ئايلاندى. شۇڭا بۇ مۇخلىسلار خىرىستىيانلار دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ دىنى خىرىستىيان دىنى دەپ ئاتالدى. خىرىستىيان دىنىنىڭ ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، ھەزرىتى ئەيسا تەڭرىنىڭ ئوغلىدۇر، ئۇ دۇنيانى قۇتۇلدۇرغۇچى تەڭرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسان شەكلىدە بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلگەندۇر. بىزنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرگە بولغان بارلىق چۈشەنچىمىز ئىنجىلنىڭ يېڭى نۇسخىسىدىن ئېلىنغاندۇر.

چۆمۈلدۈرۈش يەھيا ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى سۇغا چۆمۈلدۈرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھتىن پاكلانغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، ئەيسا پەيغەمبەرمۇ يەھيا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سۇغا چۆمۈلدۈردۈلمەكتە.

خەرىتە: ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن بەيتلەھەم ناسىرە ۋە يېرۇسالېم بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەۋجۇت.

بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قوللىنىلىۋاتقان خىرىستىيان كالېندارى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇ خىل خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى مىلادى 6- ئەسىردە ياشىغان رىملىق موناخ دىيونۇسقىچە سۈرۈش مۇمكىن. ئۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ رىم قۇرۇلغان 754- يىلى 12- ئاينىڭ 25- كۈنى ( رىم كالېندارى) تۇغۇلغانلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. بۇ يىل يەنە خىرىستىيان كالېندارىدىكى مىلادى 1- يىلى بولغان،

هازىرقى تەتقىقاتچىلار ئەيسا پەيغەمبەر بۇ ۋاقىتتىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان دەپ قارىماقتا.

16 ـ ئەسىردە سىزىلغان مۇقەددەس جەمەت رەسىمى «ئىنجىل»دا خاتىرىلىنىشىچە، ئەيسا پەيغەمبەر بىر ئات ئېغىلىدا تۇغۇلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۇسۇف بىلەن مەريەم سەپەردە پاناھلانغۇدەك باشقا جاي تاپالمىغان.

## ئەيسا پەيغەمبەر كىم؟

«ئىنجىل»دا ئەيسا پەيغەمبەر ھەزرىتى مەريەم بىلەن يۇسۇفنىڭ ئوغلى، ئۇ بەيتلەھەمدە تۇغۇلغان دەپ خاتىرىلەنگەن. خىرىستىيانلار روژدېستۋو بايرىمىدا 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ ۋە 25 ـ كۈنلىرى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيدۇ. ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغان ۋاقىتتا كۆكتە بىر نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ بۇ يەردە غەيرىي بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن بېشارەت بەرگەن.

يۇلتۇزنىڭ ئورنىنى كۆزەتكەن ئەۋلىيالارنىڭ ئىزدىنىشىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ـ ئالتۇن، مەستىكى رۇمى، مۇرمەككى قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلگەن، ئالتۇن ھۆرمەتنى، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ پادىشاھ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. مەستىكى رۇمى ـ بولسا مۇقەددەسلىكنى ئىپادىلەيتتى، چۈنكى ئەيسا مۇقەددەس ئوغۇل ئىدى. مۇرمەككى ـ ئاغرىق توختاتقۇچى دورا بولۇپ، رىيازەت چېكىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. خىرىستىيانلار 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بۇ ئۈچ مۇقەددەس نەرسىنىڭ يېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەيدۇ.

ئەيسا پەيغەمبەر ۋە ئانىسى ئىنجىل ناسىرادا ياشىغان. گەرچە ئەيسا پەيغەمبەر ياغاچچىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، بىراق ئۇ تەخمىنەن 30 ياشلارغا كىرگەندە پەلەستىن رايونىدا كېزىپ يۈرۈپ دىن تارقاتقان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەر توپلاشقان، بۇ كىشىلەر مۇرتلار دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئەيسا پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ، ھەممە يەرنى كەزگەن، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ دىن تارقىتىش ئەھۋالىنى بىرلىكتە بېشىدىن كەچۈرگەن.

بۇ مۇرتلار ئەيسا پەيغەمبەر كېسەل داۋالاپلا قالماي، ھەتتا ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدۇ دېيىشىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن، بۇ مۆجىزىلەر ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىشىلەر ئۇزۇندىن بىرى ئارزۇ قىلغان مەسىھنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئەيسا پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ جامائىتىگە قوشۇلغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى.

## تاغدىكى ۋەز دېگەن نېمە؟

ئەيسا پەيغەمبەر دائىم كىشىلەر ئارىسىغا بېرىپ دىن تارقىتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قېتىملىق ۋەزنىڭ خۇلاسىسى، «ماتتا ئىنجىل» نىڭ «تاغدىكى ۋەز»قىسمىدا خاتىرىلەنگەن. ئەيسا پەيغەمبەر كىشىلەرگە دۇنيا ئاشۇ كۈچلۈكلەرگە مەنسۇپ ئەمەس ياكى مېھرىبان كىشىلەرگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئاشۇ كەمسىتىشكە ئۇچرىغان كىشىلەر ئادالەت ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشىدۇ. مۇھەببەت ۋە كەڭ

قورساقلىق، ئۆچمەنلىك ۋە سوغۇق مۇئامىلىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

ئەيسا پەيغەمبەر كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى چەتكە قاقىدۇ. ئۇ كىشىلەردىن ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى سۆيۈشكە چاقىرىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆز ھەمراھىنى سۆيۈشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، ئىنسانلار خەير ئېھسانىنى كۆپ قىلىشى، بولۇپمۇ ئاجىز ـ پېقىرلارغا، غېرىب ـ غۇرۋالارغا ۋە كەمسىتىلگەن كىشىلەرگە ياردەم بېرىشى كېرەك.

كىشىلەر ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى بىلەلەيدۇ. ئەيسا پەيغەمبەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بارلىق ئادەملەر ئەزىزدۇر، باراۋەردۇر. ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ باقمىغان ئادەملەر بولسۇن، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان ۋە كۆزگە ئىلىنمايدىغان ئادەم بولسۇن، مەسىلەن: كېسەل، جىنايەتچى ۋە پاھىشە بولسۇن باراۋەر مۇئامىلىدىن بەھرىلىنىشى كېرەك. ئەيسا پەيغەمبەر بۇ ئەمەللىرى ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلاشنى ئۈمىد قىلغانكى: تەڭرى بارلىق ئىنسانلارنى سۆيىدۇ، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى مەغپىرەت قىلىدۇ، بىراق كىشىلەر تەۋبە قىلىشنى بىلىشى كېرەك.

## ئەيسا نېمىشقا كرېستقا مىخلانغان؟

بەزى كىشىلەر ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ دىن تارقىتىشتىن ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن. ئۇلار كۈتكەن « مەسىھ »ئەسلىدە بىر كىنەزگە ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك، رىملىقلارنى ھەيدەپ چىقىرالايدىغان، يېڭى بىر تىنىچ پادىشاھلىق قۇرۇپ چىققۇدەك قۇدرىتى بار بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئەيسا پەيغەمبەر ئاۋامغا ئوخشاشلا ئاددىي بىر بەندە ئىدى، دائىم ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلاتتى، رەھىمسىزلىك قىلماسلىق، ھېسداشلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنى مۇنازىرە قىلاتتى.

بەزى ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ رىملىقلار بېسىۋالغان بۇ زېمىندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى مۇقەررەر ئىش ئىدى. چۈنكى رىملىقلارغا ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئەيسا پەيغەمبەردىن غايەت زور ئۈمىد كۈتكەنىدى. رىملىقلار ئەيسا پەيغەمبەر بۇ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. رىملىقلار ھەتتا ئەيسا پەيغەمبەر جۇدىيا رايونىنىڭ پادىشاھى بولماقچى دەپ قارايتتى. يېرۇسالېمدىكى رىم ئىمپېرىيەسى ۋالىيسى پانتىيۇس پىلاتۇس ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن قورقۇيتتى. شۇڭا ئۇ قاتتىق ۋاستە بىلەن ئارىلىشىشنى قارار قىلىپ ئەيسا پەيغەمبەرنى سوتقا تارتىپ كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈش جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

كرېستقا مىخلانغان ئەيسا پەيغەمبەر. جاللات ئەيسا پەيغەمبەرنى مازاق قىلىش ئۈچۈن تىكەننى ئۇنىڭ بېشىغا تاقاپ قويغان. كىشىلەر ئەيسانى «يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھى» بولماقچى بولغان دەپ شىكايەت قىلغان.

كرېست ھەممە چېركاۋلاردا دىگۇدەك كۆزىمىزگە

چىلىقىپ تۇرىدۇ، بەزىدە كرېست چېركاۋلارنىڭ مۇنارىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ خىرىستىيانلارغا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈمىنى ئەسلىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەنە ئۈمىدنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىدۇر. چۈنكى ئەيسا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى ئارقىلىق كىشىلەرگە، پانىي دۇنيادا مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى نامايان قىلغان.

گىرېتسىيەدىكى ئىكونا: ئەيسا پەيغەمبەر چىقىلغان دوزاخنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بىرىنچى بولۇپ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى قەبرىلىرىدىن جەننەتكە تارتىپ ئېلىپ چىقماقتا.

خىرىستىيانلارغا نىسبەتەن كرېستقا مىخلىنىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كرېستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. يەھۇدىي دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى ئەقىدىسىدە بايان قىلىنىشىچە، دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنىڭ گۇناھى بار. خىرىستىيان دىنىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئەيسا پەيغەمبەر كرېستقا مىخلىنىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ۋە تەۋبىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان.

## پاسخا بايرىمى قانداق پەيدا بولغان؟

ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتى مۇرىتلىرىغا غايەت زور زەربە بولدى. ئۇلار مۇھەببەت ۋە تىنچلىققا تولغان ئىلاھىي دۆلەت يەنە قايتا كەلمەيدۇ، دەپ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى. ئوخشاش بولمىغان ئىنجىلدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تىرىلىش

كۈندىكى يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەر ئوخشاش بولمىغان ھالدا بايان قىلىنغان. يوھان ئىنجىلىدا، ئەيسا پەيغەمبەر قازا قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەيىر قىلغان بىر ئايال مۈرت ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ ماي سۈرتۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەبرىسىگە كەلدى. كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغىنى لەھەت قۇرۇق ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ئايال مېيىتنى بىرەرى ئوغرىلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى، بىراق ئەيسا پەيغەمبەر تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇ تىرىلگەنىدى.

بۇ ئايال ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي باشقا مۈرتلارغا قاراپ يۈگۈردى. ھەممىدە ئۆلارغا ئۆزىنىڭ غايەت زور بايقىلىشىنى بايان قىلدى. دەسلەپىدە كۆپچىلىك ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى، بىراق بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا تىرىلگەن ئەيسا باشقا بىر نەچچە مۈرتلىرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاچقا كىشىلەر ئاخىرى ئىشەندى. ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تىرىلگىنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن خىرىستىيانلار بۇ كۈننى پاسخا بايرىمى (تىرىلىش كۈنى) دەپ ئاتىدى.

ئەيسا پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى ئارقىلىق كىشىلەرگە، ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ھەممە نەرسىنىڭ قايتا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقى، پانىي دۇنيادا «مەڭگۈلۈك ھايات» نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېيتىپ بەردى. ھەر بىر خىرىستىيان بۇ خىل ئۈمىد بىلەن ياشىشى، ئۆلگەندىن كېيىن تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىشى كېرەك.

## قىيامەتتىكى سوراق دېگەن نېمە؟

ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەقىدىسىدە، قىيامەت كۈنىدە ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىرىلىپ، تەڭرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا تۇرۇپ، ھاياتىدىكى قىلمىش-ئەتمىشلىرىنىڭ ھۆكۈمىگە ئېرىشىدۇ. «قىيامەت ھۆكۈمى» ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدىن دېرەك بېرىدۇ.

خىرىستىيان دىنىدا قىيامەت ھۆكۈمى بىلەن دۇنيا ئاخىرىتى ئوخشاش بولمىغان ھالدا چۈشىنىلىدۇ. بەزى خىرىستىيانلار تەڭرى ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى خىرىستىيانلار قىيامەت ھۆكۈمىدە تەڭرى بىلەن مەڭگۈ ئايرىلىدىغان ئەھۋالمۇ يۈز بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. سوراق قىلىنغۇچىلار بەلكىم تەڭرىدىن تولىمۇ يىراق بولغان جايغا — دوزاخقا سۈرگۈن قىلىنىشى مۇمكىن. خىرىستىيانلار گۇناھىنى يۇيالايدۇ، شۇڭا ئۇلار قىيامەت ھۆكۈمىدىن ئۈنچە قورقۇپ ۋە ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. ئۇلار تەڭرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىغا ئىشىنىدۇ.

## دىن تارقاتقۇچى كىم؟

ئەيسا ئەلەيھىسسالام تىرىلگەندىن كېيىن ئۇ ۋە مۇرىتلىرى بىر مەزگىل بىللە تۇردۇ. كېيىن مۇرىتلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا كۆككە پەرۋاز قىلىپ غايىب بولىدۇ. خىرىستىيانلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن كۈنى يەنى پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى

ئالتىنچى پەيشەنبە كۈنى بۇ «ئىلاھىي مۆجىزە» خاتىرىلىنىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قايتىشتىن ئىلگىرى، مۇرىتلىرىغا « دۇنيانى ئايلىنىپ، بارلىق كىشىلەرگە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرىلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈڭلار، بۇ خۇش خەۋەردۇر» دېگەن بىر ۋەزىپىنى تاپشۇردى. خىرىستىيان دىنى ئېتىقادىدا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرىلىشىگە ئىشەنگەن كىشى چوقۇم «چۆمۈلدۈرۈش مۇراسىمى» نى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بارلىق كىشىلەر ئىشىنىش كېرەككى، تەڭرى ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام تىرىلگەندىن كېيىن كىشىلەرگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن مۇرىتلىرىنى ئەۋەتتى. بۇلار ئەلچىلەر دەپ ئاتالدى. ئەلچى (Apostel) بۇ گىرىكچىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ مەنىسى ئەلچىدۇر.

پېتروس بىلەن پائۇل ئەلچىلەر ئىچىدە ئالاھىدە مەرتىۋىگە ئىگە ئىدى. پېتروسنىڭ ئەسلىي ئىسمى سىمون بولۇپ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككىنچى ئىسمىنى قويغان بولۇپ، پېتروسنىڭ نېمىس تىلىدىكى مەنىسى قىياتاش ئىدى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام پېتروسنى بىرىنچى خىرىستىيان جامائەسىنىڭ رەھبىرى قىلدى. پائۇل ئەسلىدە، مۇرت ئەمەس ئىدى ئۇ دەسلەپتە خىرىستىيان دىنىغا قارشى تۇرغۇچى ئىدى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىرىلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن پائۇل خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مىسسىئونېرىغا ئايلاندى. ئۇ كۆپ قېتىم ھىجرەت قىلىپ كىشىلەرگە خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان خىرىستىيان

## «ئىنجىل»نىڭ يېڭى نۇسخىسى( New Testament) نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئىنجىلنىڭ بىرىنچى بۆلىكى 39 ئىبرايچە ئايەتتىن تۈزەلگەن بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالام تەۋەللۇتىدىن بۇرۇن بار ئىدى، يەھۇدىي دىنىنىڭ ئىبادەت مۇراسىملىرىدا ئوقۇلاتتى. بۇ بۆلەك خىرىستىيانلار تەرىپىدىن كونا نۇسخا (Old) Testament دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭدا مەسىھنى كۈتۈش تەسۋىرلەنگەن، كونا نۇسخىدا يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇر تېغىدا ئون ئىككى پارچە تاختىغا يېزىلغان 1000 سۈرىنىڭ چۈشكەنلىكى، ئۇنىڭ بارلىق خىرىستىيانلارغا ماس كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

يېڭى نۇسخا «ئىنجىل» نىڭ ئىككىنچى بۆلىكى بولۇپ، پەقەت خىرىستىيانلارلا يېڭى نۇسخا دەپ قارايدۇ. يېڭى نۇسخىدا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى خىرىستىيان جامائەسىنىڭ دەسلەپكى خەت ـ ئالاقىسىنىڭ مەزمۇنلىرى خاتىرىلەنگەن. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى خاتىرىلەنگەن بۇ قىسمى ›› خۇشخەۋەر‹‹دەپ ئاتالغان، بۇ قىسمى بىلەن ئەڭ دەسلەپكى خىرىستىيان دىنى جامائەسى ئارىسىدىكى خەت ـ ئالاقىسى قوشۇلۇپ يېڭى نۇسخىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خەت ئالاقىنىڭ كۆپ قىسمى پائۇلدىن كەلگەن. يېڭى نۇسخا (New Testament) دېگەن ئاتالغۇ لاتىنچىدىن كەلگەن بولۇپ، « ئىسپات» دېگەن مەنىدە.

ئاشۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى خىرىستىيان مۇرىتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ياكى ئاڭلىغان ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلىگەن، بۇ خاتىرىلەر ›› خۇشخەۋەر ‹‹نى شەكىللەندۈرگەن. يېڭى نۇسخىدا جەمئىي تۆت ›› خۇشخەۋەر‹‹دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار مەتتا بايان قىلغان خۇشخەۋەر، ماركوس بايان قىلغان خۇشخەۋەر، لۇقا بايان قىلغان خۇشخەۋەر ۋە يۇھاننا بايان قىلغان خۇشخەۋەردۇر.

كىشىلەر چۆمۈلدۈرۈش مۇراسىمىدىن كېيىن، خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەزاسى بولالايدۇ. بەزى خىرىستىيان دىنى جامائەسىدە، كىشىلەر پەقەت بەلگىلىك ياشقا يەتكەندىلا، خىرىستىيان بولۇش بولماسلىقنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. كىچىك بالىغا نىسبەتەن، ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئاتا-ئانىسى ياكى دىنى ئاتىسى ۋاكالىتەن بېكىتىدۇ. پاستىر پەرۋەردىگار، ئەيسا پەيغەمبەر ۋە مۇقەددەس روھ نامىدىن بالىنىڭ بەدىنىگە ئۈچ قېتىم سۇ سېپىدۇ، بەزىدە كىشىلەر بوۋاقنى سۇغا چۆمۈلدۈرىدۇ.

## چېركاۋ

بۇ سۆز نېمىس تىلىدا پەقەت بىر بىنا دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ قالماستىن، بەلكى چېركاۋ دېگەن مەنىدە خىرىستىيانلار تەڭرى مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەممە يەردە مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىدى، دەپ ئىشىنىدۇ. مۇقەددەس روھ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى، رەسىملەردە مۇقەددەس روھ دائىم كەپتەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

## ۋىتسۇن بايرىمى

كىشىلەر پاسخا بايرىمىنىڭ 15-كۈنى، يەنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرشكە چىقىپ كەتكەن كۈنىدىن كېيىنكى 2-يەكشەنبە كۈنى ۋىتسۇن بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈندە مۇقەددەس روھ ئەۋلىيالار ئارقىلىق كىشىلەرگە دىن تارقىتىشقا باشلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا يېرۇسالېم پەنتىكوست بايرىمى ئۆتكۈزگىلى كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قېتىملىق تەبلىغنى ئاڭلايدۇ، ھەمدە تەبلىغ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ، ھەممە ئادەم ھەيران قالىدۇ، چۈنكى بۇ كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردىن كەلگەنىدى. بۇ تەرغىباتتىن كېيىن، 3000 ئادەم چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار تۇنجى خىرىستىيان دىنى جامائىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. شۇڭا ۋىتسۇن بايرىمى چېركاۋنىڭ تۇغۇلۇش بايرىمى دەپمۇ قارىلىدۇ.

19-بەت

## «ئىنجىل»

بۈگۈنگە قەدەر «ئىنجىل» دۇنيادىكى تىراژى ئەڭ كۆپ كىتاب. تەخمىنەن 3 مىليارد پارچە«ئىنجىل»ياكى«ئىنجىل»نىڭ پارچىلىرى 2000 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى.

## خرىستىيانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش

رىم ئىمپېراتورى پۇقرالىرىدىن ئۆزىگە ئىلاھقا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى، خرىستىيانلار بۇنى رەت قىلدى، چۈنكى ئۇلار بىر ئىلاھقىلا ئېتىقاد قىلاتتى، رىم ئىمپېراتورى بۇ خىل قىلمىشنى پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانلىق دەپ قارىدى. شۇڭا نۇرغۇنلىغان خرىستىيانلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

يېرۇسالېم قەلئەسىدىكى ئەھلى سېلىپ چەۋەندازى. يېرۇسالېم بارلىق خرىستىيانلار ئۈچۈن مۇقەددەس جايدۇر. چۈنكى ئەيسا ئەلەيھىسسالام شۇ يەردە تۇغۇلغان ھەم شۇ يەردە تىرىلگەن. ئوتتۇرا ئەسىردە يېرۇسالېم مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى خرىستىيانلار «ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى»نى قوزغىدى، مەقسىتى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن مۇقەددەس يېرۇسالېمنى ئازاد قىلىش ئىدى.

## دىن تارقىتىش دېگەن نېمە؟

خرىستىيان دىنىنىڭ ئېنىق مەقسىتى خرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرىنى تارقىتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خرىستىيان دىنى مۇخلىسلىرىنى كۆپەيتىشتۇر. بۇ مۇخلىسلار ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىپى بويىچە، چۆمۈلدۈرۈش مۇراسىمىدىن ئۆتۈپ، خرىستىيان دىنىغا كىرىدۇ. كىشىلەر باشقىلارنى خرىستىيان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىش ھەرىكىتىنى دىن تارقىتىش، دىن تارقاتقان ئادەمنى

مىسسىئونېر (دىن تارقاتقۇچى) دەپ ئاتايدۇ.

مىلادى بىرىنچى ئەسىردە، رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەممە يېرىدە خىرىستىيان جامائەسى پەيدا بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ جامائەسى رىمدا بولۇپ، بۇ جامائەتنىڭ داھىيسى باش روھانىي دەپ ئاتالغان.

بەزى رىم ئىمپېراتورلىرى خىرىستىيان دىنىنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە غايەت زور تەھدىت پەيدا قىلىدى دەپ قاراپ، خىرىستىيانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا رىم ئىمپېرىيەسى ئىچىدە، خىرىستىيانلارغا زىيانكەشلىك ئېچىنىشلىق ئىشلار يۈز بەردى. لېكىن ئەيسا مەسىھنىڭ ئەقىدىسى ئوتتۇرا دېڭىزنى چۆرىدەپ پۈتكۈل رىم ئىمپېرىيەسىگە تارقالدى.

مىلادى 4-ئەسىرگە كەلگەندە، خىرىستىيانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن (Constantine) مىلادى 313-يىلى رىم پۇقرالىرىغا دىنىي ئەركىنلىكى بېرىدۇ، ھەمدە ئۆزىمۇ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ خىرىستىيان بولىدۇ. خىرىستىيان دىنى تەرەققىي قىلىپ، بۇ دەۋرگە كەلگەندە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ ھەمدە مىلادى 391-يىلى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ھەتتا پۈتكۈل ياۋروپا خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كىشىلەر ياۋروپادىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا نۇرغۇن مىسسىئونېرلار ئەۋەتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ خىرىستىيان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## دىنىي ئەقىدە دېگەن نېمە؟

مىلادى 325 ـ يىلى نىكىيا ( بۈگۈنكى تۈركىيەدىكى ئىزنىك شەھىرى) دا بىرىنچى قېتىم دىنىي يىغىن چاقىرىپ (يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى روھانىيلار ئىدى )، خىرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرى توغرىسىدا ئورتاق تونۇشقا كەلدى، مەسىلەن: كىشىلەر ئۇنى ئەلچىلەرنىڭ خېتى دەپ ئاتىدى:« مەن ھەممىگە قادىر، ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئىلاھقا ئىشىنىمەن...... »

خىرىستىيانلار بۇ كەلىمىنى دېسە، ئۇلار تەڭرىنىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقىغا، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تېرىلىدىغانلىقىغا، بەندە بىلەن ئىلاھ ئۆزئارا كېلىشىپ، تەڭرى مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بەندە بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ.

## چېركاۋلارنىڭ بۆلۈنۈشى دېگەن نېمە؟

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ خىرىستىيان دىنىنىڭ ئېتىقاد مەركىزى ئىككىگە بۆلۈندى، بىرى غەربتىكى رىم، يەنە بىرى شەرقتىكى كونستانتىنوپول (بۈگۈنكى ئىستانبۇل).

مىلادى 8 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە كونستانتىنوپول بىلەن رىم ئوتتۇرىسىدا ئاتالمىش مۇقەددەس ھەيكەل ئىختىلاپى پارتلىدى، كونستانتىپۇلدا تەڭرىگە بولغان ئىبادەت مۇقەددەس ھەيكەلدىن جارى بولۇپ كەلگەن دەپ قارالدى. رىملىقلار بۇنى تەنقىد قىلىپ، بۇلارنىڭ ھەيكەلگە ئېتىقاد قىلىشى قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلغانلىق،

دەپ قارىلىدۇ. بۇ دىنى ئەقىدىگە بولغان تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپقا بىر قىسىم سىياسىي كۈچلەر ئارىلاشتى. مىلادى1054 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىرىستىيان دىنى ئاخىرى رىم كاتولىك دىنى بىلەن كونستانتىنوپول پىراۋوسلاۋىيە دىنى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى.

1453 ـ يىلى مۇسۇلمانلار كونستانتىپۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، موسكۋا پىراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

بۇندىن باشقا يەنە، باشقا مۇستەقىل پىراۋوسلاۋىيە دىنى مەزھەپلىرى مەۋجۇت. مەسىلەن: گىرېتسىيە، ئەرمېنىيە، سېربىيەدىكى پىراۋوسلاۋىيە دىنى مەزھەپلىرى.

كاتولىك دىنىنىڭ دىنى مەركىزى رىمدىكى پاپا، رۇسىيە پىراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ مەركىزى موسكۋا پىراۋوسلاۋىيە دىنى ئەڭ ئالىي ئېپىسكوپىدۇر.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن خىرىستىيانلار رىم سان پېتىرىس (St. Peter's Church) چوڭ چېركاۋى ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىدۇ. قىزىل سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرغىنى ئىبادەت مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان پاپا، بۇ چېركاۋ قەدىمكى رىمدىكى بىر قەبرىگە ياسالغان بولۇپ، كىشىلەر بۇ قەبرىنى پېتروسنىڭ قەبرىسى دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## پاپا

پاپا ئۆزىنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام تەيىنلىگەن بىرىنچى دىنى جەمئىيەتنىڭ داھىيسى پېتروسنىڭ ۋارىسى دەپ قارايدۇ. چۈنكى پاپا بارلىق خىرىستىيانلارنىڭ رەھبىرى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىراق پاپانى پەقەت خىرىستىيان دىنىدىكى كاتولىك مەزھىپىلا ئېتىراپ قىلىدۇ.

ھەزرىتى مەريەم ۋە ھەزرىتى ئەيسانىڭ بالىلىق ۋاقتى مۇقەددەس ھەيكىلى.

مۇقەددەس ھەيكەل پىراۋوسلاۋىيە دىنىدا ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ ھەتتا كىشىلەر چوقۇنىدۇ. مۇقەددەس ھەيكەلدە ئاساسلىق ئىپادىلەنگىنى ئەيسا مەسىھ بولۇپ، يەنە بالىسى ئەيسا مەسىھنى كۆتۈرۈۋالغان مەريەم ۋە باشقا مۇرىتلىرىمۇ سىزىلغان. پىراۋوسلاۋىيە دىنى مۇقەددەس ھەيكىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئارقا كۆرۈنۈشى ئالتۇن رەڭلىك. بارلىق پىراۋوسلاۋىيە دىنى چېركاۋلىرى بۇ خىل رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن.

## دىن ئىسلاھاتى دېگەن نېمە؟

16ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ياۋروپادا دىنىي جەمئىيەتتە بىر قېتىم چوڭ بۆلۈنۈش يۈز بەردى. بەزىدە خىرىستىيان دىنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىدە ۋە ئىدىيەسىدىن بەك يىراقلاپ كەتتى دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇلار يېڭى دىنىي جەمئىيەت تەشكىللەشنى قارار قىلدى، دىنى ئىسلاھات يېڭىلاشتىن دېرەك بېرەتتى، كىشىلەر يېڭىلاش ئارقىلىق خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھالىتىگە

قايتىشىنى ئۈمىد قىلدى. تارىختا ئىككى نەپەر مەشھۇر دىنى ئىسلاھاتچى ئۆتكەن. بىرى گېرمانىيەلىك مارتېن. لۇتېر، يەنە بىرى شۋېتسارىيەلىك جون. كالۋېن.

مارتېن لۇتېر «ئىنجىل» (يېڭى نۇسخا) نى قايتىدىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى دىنى جەمئىيەت ئەنئەنىسىدە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان بىر قىسىم مەزمۇنلارنى تېپىپ چىقتى: خىرىستىيانلار تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىمەن دەپ ئويلايدىكەن، بەدەل تۆلەش ئارقىلىق ياكى ئېلىم-بېرىم شەكلى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرگە بولغان ئېتىقاد ئارقىلىق ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا مارتېن. لۇتېر ئەينى ۋاقىتتا ئەۋج ئالغان «گۇناھتىن ساقىت قىلىش تۇمارى» ھايانكەشلىككە ئوچۇق-ئاشكارا قارشى تۇرغان.

گۇناھتىن ساقىت قىلىش تۇمارى دىنىي جەمئىيەت تارقاتقان ئىسپات بولۇپ، ئۇ سېتىۋالغۇچى تەرەپ پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان «گۇناھتىن ساقىت قىلىش» ئىسپاتىدۇر، بۇ ئارقىلىق تۇۋا قىلمىغان ئەھۋالدىمۇ بەزى گۇناھى كەبىرلەرنىڭ جازاسىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. گۇناھتىن ساقىت قىلىش تۇمارى دىن باشلاپ مارتېن. لۇتېر بىلەن دىنى جەمئىيەت ئېتىقادتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەردە ناھايىتى زور ئىختىلاپلار كېلىپ چىقتى. مارتېن. لۇتېر كاتولىك دىنى جەمئىيىتى تەشەببۇس قىلغان يەتتە تۈرلۈك پەرزدىن پەقەت چۆمۈلدۈرۈش بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ زىياپىتىنىلا ساقلاپ قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە پەقەت مۇشۇ ئىككى پەرزلا «ئىنجىل» دىكى مەزمۇندىن كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.c

دىن ئىسلاھاتلىرى يەنە ھوقۇق ۋە بايلىقنى قوغلىشىدىغان، ئاقسۆڭەك ۋە كىنەزلەردەك ئەيش - ئىشرەتتە ياشايدىغان باش روھانىيلارنىمۇ ئوخشاشلا تەنقىد قىلدى. چۈنكى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ بۇنداق قىلمىغان، بەلكى ئىنسانلارنى مال مۈلۈكتىن ئۆزئارا ئورتاق بەھر ئېلىشقا ئاگاھلاندۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا دىن ئىسلاھاتچىلىرى رىم پاپاسىنىڭ دىنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي داھىيسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغان.

بۇ بىر قاتار ئىختىلاپلار خىرىستىيان دىنى يېڭى دىنى بىلەن كاتولىك دىنىنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دەسلەپتە ھەر ئىككى تەرەپ بۇنداق ئىختىلاپلارغا قاراپ تۇرۇشنى خالىمىغان. بىراق 1555 - يىلى ئاۋگسبۇرگ دىنى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ھەربىر زېمىندار ئۆز زېمىنىدا قانداق دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى ئۆزى بەلگىلىسە بولىدىغان بولدى، بۇ ئاتالمىش دىننى دۆلەت بېكىتىشتۇر.

دىن ئىسلاھاتىنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە، كاتولىك دىنى ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلاندى. بىراق خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش ئىزچىل داۋاملاشتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىلا، ئىككى ئوخشىمايدىغان مەزھەپ دۇنيا خىرىستىيان دىنى جەمئىيىتى ھەرىكىتىدە ئورتاق نۇقتىنى ئاران تاپتى.

## پىروتېستانت دىنى (خرىستىيان يېڭى دىنى)

خرىستىيان يېڭى دىنىنىڭ يەنە بىر ئىسمى پىروتېستانت. بۇ مەزھەپنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ پىروتېستانت مۇخلىسلىرى دېيىلىدۇ، بۇ ئاتالغۇ بىر تارىخىي ۋەقەدىن كەلگەن: 1529 ـ يىلى يېڭى دىنىنىڭ تەسىر كۆچى سىپەيىر ئىمپېراتورلۇقى يىغىنىدا ئارتۇقچىلىقىنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىغىن كاتولىك دىنىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، يىغىندىكى يېڭى دىن ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن شەھەر پۇقرالىرى ۋەكىلى بۇ قارار ئۈستىدە قارشىلىشىدۇ.

## دىنىي مەزھەپ

خرىستىيان دىنىدىكى ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلار دىنىي مەزھەپ دەپ ئاتىلىدۇ. نۆۋەتتە ئەڭ كەڭرى تارقالغان مەزھەپلەردىن پىراۋوسلاۋىيە دىنى، كاتولىك دىنى ۋە پىروتېستانت دىنى قاتارلىقلار بار.

## ئۈچ بىرلىك

خرىستىيان دىنى ئەقىدىسى ئۈچ بىرلىك ئەقىدىسىدۇر. پەرۋەردىگار ئالەمنى ياراتقۇچى مەڭگۈلۈك پەرۋەردىگار بولۇپ ئەيسا پەيغەمبەرنى قۇتقۇزدى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس روھىغا ياردەم قىلدى. بۇنىڭدىن ئىنسانلار ئېتىقادقا ئېرىشتى. ئۈچ بىرلىكنى چۈشىنىش ئىنتايىن تەس. چۈنكى ئۇ ئۈچ ئوخشاش بولمايدىغان روھ پەرۋەردىگار، ئەيسا پەيغەمبەر، مۇقەددەس روھ بىر گەۋدىلەشكەن، لېكىن ئۈچى

ئوخشاش بولمىغان زاتتۇر.

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ زىياپىتى

ھەزرىتى ئەيسانىڭ زىياپىتى پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بىرلىكتە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پاسخا بايرىمىنى تەبرىكلەشتىن كەلگەن. ئەيسا پەيغەمبەر تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈلۈش ھارپا ئاخشىمىدا ئۇ مۇرىتلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزانى بىللە يېگەن. ئەيسا پەيغەمبەر دادىغا ئوخشاش بولىكا ۋە ئۈزۈم ھارىقىنى ھەربىر ئادەمگە بەرگەن، ئەيسا ئەلەيھىسسالام بەرگەن بۇ ئۈزۈم ھارىقى بىلەن بۆلىكىنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بار ئىدى، ئۇ ناننى مۇرىتلىرىغا بېرىۋاتقاندا:" بۇ مېنىڭ تېنىم " دېدى. ھاراقنى مۇرىتلىرىغا بېرىۋاتقاندا" بۇ مېنىڭ قېنىم، گۇناھنى يۇيۇش ئۇچۇن ئاقىدۇ " دېدى. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق دېيىشى بۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھى ئۇچۇن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقىدىن، ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چېركاۋدا ھەزرىتى ئەيسانىڭ زىياپىتى بولغاندا بولكا بىلەن ئۈزۈم ھارىقى داستىخاننىڭ مەركىزىگە قويۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەن ۋە قېنىمىش.

كاتولىك دىنى جەمئىيىتىدە ھەزرىتى ئەيسا زىياپىتى" Eucharistie" دېيىلىدۇ، بۇ سۆز گىرېكچىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى" تەشەككۇر " ئۇ ئەيساغا بولغان چوڭقۇر رەھمەتنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەت ئۇچۇن زور قۇربانلىق بەرگەن.

## چېركاۋنىڭ نېمە رولى بار؟

خىرىستىيان دىنى ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق جايدا پەرۋەردىگار ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى بىلەن بىللە. خىرىستىيانلار چېركاۋ جىمجىت چوڭقۇر خىيالغا چۆكىدىغان سورۇندۇر، كىشىلەر چېركاۋدا پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تېخىمۇ ھېس قىلالايدۇ.

چېركاۋ خىرىستىيانلارنىڭ يىغىلىدىغان سورۇنىدۇر. چۈنكى چېركاۋ بىناسى پەرۋەردىگارغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا چېركاۋ كۆڭۈل قويۇپ بېزىلىدۇ. ھەربىر چېركاۋدا بىر نەزىر - چىراغ مىھرابى بولىدۇ، نەزىر - چىراغ مىرابى ئەڭ باشتا دىنىي گۇرۇھلار نەزىرلىك قويىدىغان شىرە ئىدى. كېيىنچە تەدرىجىي چېركاۋنىڭ سەدىقە توپلايدىغان ئورۇنغا ئايلاندى.

چېركاۋ نەزىر-چىراغ مېھرابىغا ئىبادەتتە ئوقۇلىدىغان «ئىنجىل» قويۇلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا زىياپىتىگە تەييارلانغان بولكا ۋە ئۈزۈم ھارىقىمۇ شۇ يەرگە قويۇلىدۇ.

بارلىق خىرىستىيان دىنى چېركاۋلىرىنىڭ ئۈستىدە مۇنارى بولىدۇ، كىشىلەر يىراقتىنمۇ كۆرەلەيدۇ. كۆپىنچە چېركاۋلارنىڭ مۇنارىدا چوڭ سائەت بولىدۇ، ئۇ داڭ ئۇرۇپ كىشىلەرنى ئىبادەتكە چاقىرىدۇ، بۇرۇن چېركاۋ سائىتى ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا داڭ ئۇرۇپ، كىشىلەرنى دۇئا قىلىشقا ئۈندەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىبادەت مۇراسىمى قانداق ئۆتكۈزۈلىدۇ؟

يېرۇسالېمدىكى تۇنجى تۈركۈم خىرىستىيانلار مۇقىم بىر ۋاقىتتا يىغىلىپ بىرلىكتە ئىنجىل ئوقۇغان، تاماق يېگەن، دۇئا قىلغان، ياردەمگە موھتاج كىشىلەرگە ئېھسان قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كۆپ قىسىم چېركاۋلاردىكى ئىبادەت مۇراسىمىدا بۇ تۆت ئىشنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ تۆت ئىشنىڭ داغدۇغىسى ئوخشاش بولمايدۇ. پروتېستانت دىنىغا نىسبەتەن، ئۇلار دىن تارقاتقاندا «ئىنجىل» نىڭ مەزمۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. كاتولىك ۋە پروتېستانت دىنى ئىبادەت مۇراسىمىدا، ھەزرىتى ئەيسا زىياپىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پروتېستانت مۇخلىسلىرى ئىبادەت مۇراسىمىدا، يەنە ھەيۋەتلىك ناخشا شەكلى بىلەن ئىبادەت مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

## خىرىستىيان دىنىنىڭ پەرزلىرى دېگەن نېمە؟

خىرىستىيانلار تۇرمۇشتا خىرىستوسنى ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. «ئون ئىككى پارچە تاختىغا يېزىلغان 1000 سۈرە» ئۇلارنىڭ ھەرىكەت مىزانىدۇر. بىر كىشى خىرىستوستىن ئەڭ مۇھىم دۇئا نېمە دەپ سوراپتۇ. خىرىستوس: «سەن بارلىقىڭ بىلەن پەرۋەردىگارنى، ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرنى گويا ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مېھىر-شەپقەت ئەتراپتىكى ئادەملەرنى سۆيۈشتۇر، بۇ خىرىستىيانلار ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەشكىلى قىسمىدۇر. بولۇپمۇ جەمئىيەتتىكى ئاجىز ۋە غېرىب-غۇرۋالارغا ئەڭ ماس كېلىدۇ. مېھىر-شەپقەت كەڭ

قورساقلىقتىن، ھەربىر ئادەمنىڭ قېرىنداشلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەنە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، بارلىق ئادەملەر باراۋەردۇر.

ئەنگلىيەدىكى ئەڭلىكانىزىم (Anglicanism) نىڭ پوپى ھەررىتى ئەيسا زىياپىتى ئۆتكۈزمەكتە، نەزىر-چىراغ مېھرابىغا ئۇزۇم ھارىقى ئىستاكىنى ۋە بولكا قاچىلانغان قۇتا قويۇلغان. ئەڭلىكانىزىم ئەنگلىيە دىنى ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى يېڭى دىنىي جەمئىيەتتۇر.

## خىرىستىيان دىنى

خىرىستىيان دىنى دۇنيادىكى تارقىلىشى ئەڭ كەڭ دىندۇر. تەخمىنەن 2مىليارد ئادەم خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كاتولىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرى 9يۈز مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، خىرىستىيان دىنىدىكى ئەڭ چوڭ دىنى گۇرۇھنى شەكىللەندۇرگەن.

خىرىستوستىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان مېھرىبانلار مەيدانغا كېلىپ، بارلىقىنى خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىغا ئاتىغان، بۇلار قىرى، كەمبەغەل، كېسەل، ياكى يېتىم-يېسىرلارغا كۆڭۈل بۆلگەن. ئەڭ ۋەكىللىك مىسال موناخ تىرىسادۇر. بۇ بىر ئۆمۈر ھىندىستاندىكى كالكۇتتا نامراتلار رايونىدىكى دارىلئېتامدا ئىشلىگەن، ئۇ ئاشۇ يەردىكى نامرات، ئاتا-ئانىسى يوق بىچارە باللارغا بىر ئىللىق ئائىلە ئاتا قىلغان، ئۇنىڭ بېغىشلاش روھى بارلىق كىشىلەرگە مەشھۇر ئابىدە تىكلىگەن. 1979-يىلى موناخ تىرىسا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنى

## ئىسلام ۋە مۇسۇلمان دېگەن نېمە؟

ئىسلام ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ ئىسمى؛ مۇسۇلمان ئىسلام ئېتىقاد سىستېمىسىغا تەۋە كىشىگە بېرىلگەن ئىسىم. يەنى مۇسلىم / مۇسۇلمان، ئاڭلىق ۋە ئىختىيارى ھالدا ئاللاھقا تەسلىم بولغان كىشىدۇر.

ئىسلام دۇنيادا تىنچلىقنى، ئاخىرەتتە ئەبەدىي نىجاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولۇش يولىدۇر.

ئىسلام كەلىمىسىنىڭ مەنىسى تىنچلىق؛ مۇسۇلمان بولسا، بۇ تىنچلىقنى ئىچىدە ۋە تېشىدا ياشىغان بىر «تىنچلىق ئەلچىسى»دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىسلام ھەقىقەتنى تاپشۇرۇۋالغانلارنىڭ ئەمەس، ھەقىقەتكە تەسلىم بولغانلارنىڭ يولى.

ئىسلام ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگەرمەس قىممەتلىرىنىڭ ئىسمى. ئىنسان تارىخىدىكى بارلىق توغرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يول: ئاللاھ ھۇزۇرىدا مەقبۇل ياشاش شەكلى ( 3:19 )؛ ئاللاھ رازى بولغان دىنىدۇر ( 5:3 ).

ئىسلام ـ ئەخلاق، ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دائىر بەلگىلىمىلىرى بىلەن پۈتۈن بىر سىستېمىنىڭ ئىسمى بولۇپ ( 2:208 )، ھەر مۆمىن ئىسلامنى پۈتۈن بىر ھايات شەكلى سۈپىتىدە ھاياتىغا تەتبىقلىشى كېرەك (2:85 ).

ئىسلام ـ ياراتقۇچىنى ئىنسان ئىدراكىنىڭ مەركىزىگە قويىدۇ. ئىسلام ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانغا ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بەرگەنلىكىنى قوبۇل قىلغان، ئىنساننىڭ ياخشى ـ ياماننى تاللاش ئىختىيارى بارلىقىغا يول قويغان ئەقىدىنىڭ ئىسمىدۇر..

ئىسلام ـ دىنلاردىن بىر دىن ئەمەس، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلغان، ئىنسانىيەتكە تونۇش بولغان ئورتاق قىممەت ۋە توغرىلار / ھەقىقەتلەر ھالقىسىنىڭ ئىسمى (22:78).

ئىسلام ـ كەڭ دائىرىدە كائىناتنى ئاللاھ باشقۇرغان سىستېمىنىڭ ئىسمىدۇر (41:11). كائىناتتا « توقۇنۇش» ئەمەس، ئەكسىچە « ماسلىشىش» ھۆكۈم سۈرگەن بولسا: بۇ كائىناتتىكى مىسلىسىز تەرتىپ ۋە سىستېمىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ماسلىشىش ۋە سىستېمىدىن سۆز ئېچىلغان بىر يەردە « تولۇقلاش» تىن سۆز قىلىنغان بولىدۇ. ماسلىشىشچان مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر ـ بىرىنى

تولۇقلىشىشى، ئۇلارنىڭ ئىسلامى / تەسلىمىيتى دەپ قارىلىدۇ (55:6)

مۇسلىم ـ ھەم ئۆز ئىچكى دۇنياسىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ھەم تاشقى دۇنياسىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاڭلىق ۋە ئىختىيارى ھالدا ئاللاھقا تەسلىم بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسلىم ـ يېگانە ئىلاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز ھالدا ھاياتىغا تەتبىقلىغان كىشى.

مۇسۇلمان بولۇش، « كۆڭلى خالىغان» نىڭ ئورنىغا « ئاللاھ خالىغان» نى قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇسۇلمان بولۇش، بىر يەرگە كېتىش ئەمەس ئۆزگە قايتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولۇش يولى بولغان ئىسلامنى، ھايات شەكلى دەپ قوبۇل قىلغان ھەر قانداق كىشى « مۇسلىم / مۇسۇلمان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ ھەر دەۋردە ئۆزىگە سەمىمىي ھالدا ئىشەنگەنلەرنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلغانلارنى « مۇسلىمىن» دەپ ئاتىغان ( 22:78 ).

كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، ئىنساننىڭ ئاللاھقا لۇتفى ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئاللانىڭ ئىنسانغا قىلغان لۇتفىدۇر ( 49:17 ).

## ئىسلامغا ئۇيغۇن ئەمەس قاراشلار قايسى؟

ئىسلامنى پەقەت بىر ئېتىقاد دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئېتىقاد بەلگىلىمىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامنىڭ ياشاش پرىنسىپلىرىمۇ بار. چۈنكى ئىسلام ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھايات سىستېمىسىدۇر. ئىسلام بىر پۈتۈن ۋە تەبىئىي ھالەتتە ھاياتقا تەتبىق قىلىنىدۇ. ئىسلام ياراتقۇچىنى ئىنسان ئىدراكىنىڭ مەركىزىگە تۇتىدۇ. ئىسلام بىر ئىلاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىشنى مەركىزى ئورۇنغا قويغان بىر كائىنات چۈشەنچىسىدۇر. ئىسلام ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانغا ئىلىم، ئەقىل ۋە ئىرادە بەرگەنلىكىنى قوبۇل قىلغان، ئىنساننىڭ ياخشى - ياماننى تاللاش ئىرادىسى بولغانلىقىنى قوبۇل قىلغان، يەرشارىۋى تىنچلىق يولىدۇر. بۇ تەرىپى بىلەن ئىسلام، پەقەتلا ئىنساننىڭ ئېتىقاد دۇنياسىغا ئەمەس، ھاياتىغا تالىپتۇر. ئىسلام پەقەت ئېتىقاد ئاساسلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە مۇئامىلە پرىنسىپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام ئىمان ۋە ئەمەلدۇر. پەقەت ئېتىقادتا گۈزەل بولۇشنىلا ئەمەس، مۇئامىلىدىمۇ گۈزەل بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ ( لەيل، 5 ـ 7 ).

ئىسلامنى پەقەت ۋىجدان دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ۋىجدان ئىلاھنىڭ ئۆيىدۇر. ئاللاھ ئىنساننىڭ ۋىجدانى ئارقىلىق ئىنسانغا گەپ قىلىدۇ. ئىسلام ئىنساننىڭ ۋىجدانىغا خىتاب قىلىدۇ. ۋىجدانسىز بىر ئىسلام، تۇپراقسىز بىر ئۇرۇققا ئوخشايدۇ. لېكىن، ئىسلامنى پەقەتلا ۋىجدان دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئىسلامنى ۋىجدانغا قاماپ قويغانلىق بولىدۇ. ئىسلام ساھىبىنىڭ ۋىجدانىنى،

ئەقلىنى ۋە ئىرادىسىنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدۇ. ساھەبىدىن ھەربىرىدە ئۆتمۈشنى ۋە ئاكتىپ ياخشىلاردىن بولۇپ ياخشىلىقنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى قۇرئاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

تۇر! ( ئىنسانلارنى) ئاللانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر ( 74:2) دېگىنىدەك.

ئىسلامنى پەقەت بىر ئىدېئولوگىيە دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئىدېئولوگىيەسى بار. لېكىن، ئىسلامنى بىر ئىدېئولوگىيە دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغىلى بولمايدۇ. ئىدېئولوگىيە دىندىن خالىي بىر قۇرۇلمىدۇر، بىر مەدەنىيەتتۇر. ئىسلام دۇنياغا بىرلىپ كېتىشنى« فىترەتكە ياتلىشىش» دەپ قارايدۇ. ئىدېئولوگىيەلەرنىڭ ئاخىرەت چۈشەنچىسى بولمايدۇ. ئىسلام باقىي ھايات سۈپىتىدە بۇ دۇنيانى ئەمەس، ئاخىرەتنى ئادرېس قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامنى پەقەت بىر سىياسىي تۈزۈم ياكى قۇرۇلما دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىسلام شەكىللەندۈرگەن مۇسۇلمانغا خاس بىر سىياسەت بار. ئەمما ئىسلام بىرەر سىياسىي تۈزۈمنى، دۆلەت باشقۇرۇش شەكلىنى ۋە ياكى بىر ھاكىمىيەتنى بېكىتكەن ئەمەس. مۇسۇلمان سىياسىيون يۈرگۈزىدىغان سىياسەتنىڭ ئانا گەۋدىسى تۆۋەندىكى بەش نۇقتىدىن تەشكىل تاپىدۇ:

هەقىقەت / تەۋھىد
2. ئادالەت
3. مېھرى - شەپقەت
4. لاياقەت
5. كېڭەش

ئىسلامنى بىر سىياسىي قۇرۇلما دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى سىياسەت مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئىسلام بولسا مەنپەئەتنى ئەمەس، ياخشىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. سىياسەت نەتىجىنى مەركىزى نۇقتا قىلىدۇ، ئىسلام ئەجىرنى مەركىزى نۇقتا قىلىدۇ. سىياسەت زەپەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، ئىسلام سەپەرنى / ھەق يولىدىكى سەپەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

## ئىسلامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانمىغانلىقى توغرىمۇ؟

ئىسلام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانمىغان. قۇرئانغا كۆرە ئىسلام تارىخى ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەڭ ( 22:78 ). ئاللاھ بىر بولغانلىقى ۋە ئىنسانىيەتمۇ بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانغا بېرىلگەن ۋەزىپە / رول / ۋەھىي / نەسىھەتمۇ « بىر ». شۇڭا تۇنجى پەيغەمبەردىن ئاخىرقى پەيغەمبەرگىچە ئاللاھ ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولغان دىنمۇ بىردۇر

( 5:3 ). بەلكىم دەۋر ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە كۆرە، بەزى ئىبادەتلەردە، هالال ۋە هاراملاردا ئوخشاشماسلىقلار، خاسلىقلار بولغان. ئەمما، ئېتىقاد ئاساسلىرى هېچ ئۆزگەرمىگەن.

قۇرئاندا هەزرىتى نۇھ، هەزرىتى ئىبراھىم، هەزرىتى مۇسا ۋە مەريەم ئوغلى هەزرىتى ئىسا قاتارلىق بارلىق پەيغەمبەرلەر « مۇسۇلمان» دەپ ئاتالغان. چۈنكى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئاللاھقا شەرتسىز تەسلىم بولغان ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شەرتسىز ئادا قىلغان كىشىلەر ئىدى.

## كىشى قانداق مۇسۇلمان بولىدۇ؟

ئىسلامدا ئاللاھقا ۋاكالىتەن ئىنساننى مۇسۇلمانلىققا قوبۇل قىلىش هوقۇقىغا ئىگە هېچقانداق بىر هاكىمىيەت، چېركاۋ، ئورگان ۋە دىنىي تەبىقە يوق. ئىسلامغا كىرىش، ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا ۋاستىسىز ۋە ۋەكىلسىز، بىۋاسىتە بولىدىغان بىر ئەھدە. ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئىختىيارى هالدا، ئۆزلۈكىدىن ئاللاھقا تەسلىم بولۇش يولىنى تاللىشى يېتەرلىك بولىدۇ.

ئىسلام ئىشىكىدىن كىرىش ئىككى شاهادەت بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى، «ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ ( مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن)».

«شاهادەت» ـ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇملىرىدىن

بىرى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئۆزى شاھىتتۇر ( 3:18 ). شۇنداقتىمۇ ئىنسانىنىڭ شاھىت بولۇشىنىمۇ خالىغان. بۇ ئارقىلىق ئىنساننى شەرەپكە ئىگە قىلىش، ئۆز دەرگاھىدا ئەتىۋارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

بۇ ئىككى شاھادەتتىن بىرىنچىسى، مۇتلەق ۋە چەكسىز ياراتقۇچى بولغان ئاللانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، تەڭدىشى يوقلۇقىغا ۋە يارىتىلغان ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشنى تەمسىل قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەزرىتى مۇھەممەد ( س ئە ۋ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەم ئىنساني تەبىئىتىگە ئىگە بىرەر ئىنسان، ھەم ئاللاھتىن ۋەھيي ئالغان بىرەر ئەلچى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشنى تەمسىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى شاھادەت بىلەن ئىسلام قورۇسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەن كىشىنىڭ، مۆمىنلەرگە خاس بىر ھاياتنى قانداق ياشايدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى ئىككى ئامىل يول كۆرسىتىدۇ:

1. قۇرئاننىڭ نەزەرىيەگە مۇناسىۋەتلىك جانلىق يول كۆرسىتىشى

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك داۋام قىلىپ كەلگەن يول كۆرسەتكۈچىلىكى

بۇ ئىككى ئامىل ئەسلىدە بىر - بىرىگە پاراللېل مەنبە ئەمەس. چۈنكى، كېيىنكى دەۋرلەردە « سۈننەت» دەپ ئاتالغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جانلىق ئۈلگىلىك ھالىتى، ئۇنىڭ قۇرئاندىن ئۆگەنگەنلىرى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن « سۈننەت» قۇرئاننىڭ شېرىكى ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

قۇرئاننىڭ رىئال ھاياتقا تەتبىقلىنىشىدۇر. شۇڭا قۇرئان دىنىنىڭ شەرتسىز بىردىنبىر مەنبەسىدۇر.

شاھادەتنىڭ ئىسلام جامائىتى ئالدىدا قىلىنىش ئادىتى، بىر « ئىسلامغا كىرىش» مۇراسىمى ئەمەس. پەقەت يېگى شاھادەت ئېيتقان كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، باشقا كىشىلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە بىلدۈرۈش ئارزۇسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## ئىسلامدا دىن نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئىسلامغا كۆرە دىن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانىيەتكە ئىلاھىي ۋەھىي ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن « ياشاش شەكلى» ۋە « قانۇنلار پۈتۈنلۈكى» دۇر. دىن ئىنسان ئىسىملىك « قىممەتلىك» مەۋجۇدىيەتنىڭ پايدىلىنىش كىتابى، يول خەرىتىسى، قىممەت ۋە پرىنسىپلار ھالقىسىدۇر.

ھەق دىن، ئاللاھ تەستىقلىغان دىندۇر. چۈنكى ياراتقۇچى يارىتىلغاننى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. بىر نەرسىنىڭ پايدىلىنىش كىتابىنى ئەڭ توغرا شەكىلدە يازغۇچى ئۇنى ئىجاد قىلغۇچىدۇر. ئىنساننىڭ بىر پايدىلىنىش كىتابىغا ۋە يول خەرىتىگە ئېھتىياجى بار. دىن ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىنىش كىتابىدۇر ۋە بۇ كىتابنى ئەڭ توغرا يازغۇچىمۇ ئىنساننى ياراتقۇچىدۇر.

## ئىسلامدا دىنىنىڭ مەقسىتى نېمە؟

دىنىنىڭ مەقسىتى ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەت

سائادىتىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ئاللاھ بىلەن، ئۆزى بىلەن، باشقا ئىنسانلار ۋە تەبىئەت بىلەن تونۇشقان ۋە ئەپ ھالدا ياشىتىشتۇر. دىن بۇ مەقسەتنى تۆۋەندىكى تۆت يول بىلەن:

1. ئىنساننى، يارىتىلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق ھالدا ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئارتۇقچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق.

2. ئاكتىپ بىر ئەقىل، ئىرادە ۋە ۋىجدان بەرپا قىلغان ئىنساننى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش ئارقىلىق.

3. قىممەتلەر سىستېمىسى ئارقىلىق ئىنساننى نەپس ۋە ھەۋەسلىرىنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىشتىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق.

4. ئاللاھ ئالدىدىكى ھەددىدىن، شەيئىلەرگە قارىتا قىممىتىنى، ئىنسانغا قارىتا مەسئۇلىيىتىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

## ئىمان ۋە مۆمىن دېگەن نېمە؟

ئىمان ـ ئاللاھقا ئىشىنىشتۇر. مۆمىن ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىدۇر. بۇ ئىشەنچنىڭ نەتىجىسى، ئاللاھقا ئاشلىق رەۋىشتە تەسلىم بولۇشتۇر. ئىسلام بۇ تەسلىمىيەتنىڭ ئىسمى.

قۇرئاندا ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى ئەل ـ مۆمىن ( ئىشەنگەن) بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانغا ئىشەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمدە ئىنسانىنىڭمۇ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ئاللانىڭ ئىنسانغا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئەسەرى

دىن «قەرز» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «دەين» سۆز يىلتىزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، ياراتقۇچى ئىنساننى ئاپىرىدە قىلغاندا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر ھەق ئالمىغان. ئىنسان پەيدا بولۇشتىن تارتىپلا ياراتقۇچىغا قەرز. ياراتقۇچى ئىنساندىن قەرزىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلمىدى. تەلەپ قىلىنغان تەقدىردىمۇ، قەرزنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىنساننىڭ ئاللاھقا قەرز ئىكەنلىكى تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىشى، قەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا قەرزىنى ئېتىراپ قىلغۇچىنىڭ ئىلاھىي مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان.

ئىنساندىن ئالدى بىلەن بۇ ۋەدىگە ۋە باشقا ۋەھىيلەرگە ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنماقتا. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشى، ئاللانىڭ ئىنسانغا بولغان ئىشەنچىگە قارىتا كەمتەرلىك بىلەن بېرىلگەن جاۋاب.

## قۇرئاندا ئىمان ئاساسلىرى قايسىلار؟

قۇرئاننىڭ ئىككى جىلتى ئارىسىدا يەر ئالغان ھەر نەرسە ئىمان تېمىسىدۇر. قۇرئاندا ئىمان ئاساسلىرى بىر قانچە يەردە ئارقا ـ ئارقىدىن بايان قىلىنغان ( 2:177؛ 4:136؛ 2:284،285 ). قۇرئاندا ئېنىق تىلغا ئېلىنغان ئىمان ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش

پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئەلچىلەرگە / پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

## يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلىقتا ئىلاھ چۈشەنچىسى بىلەن قۇرئاندىكى ئىلاھ چۈشەنچىسىدە قانداق پەرق بار؟

يەھۇدىيلىكتە ئىنسانغا ئوخشايدىغان بىر ئىلاھ چۈشەنچىسى مەۋجۇت. يەھۇدىي ئىلاھ چۈشەنچىسىدە ئىلاھ بەزىدە ئىنسانغا ئايلىنىدۇ ۋە ئىنسانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: ئىنساننى ياراتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ ( تەكۋىن 6:5،7 )، ساراھنى ھامىلە قالدۇرىدۇ ( تەكۋىن، 21:1،2 )، ياقۇپ بىلەن چېلىشىدۇ ( تەكۋىن، 32ـ32:22 )، ئىنسانغا كۆرۈنىدۇ ( تەكۋىن، 32:30 )، ھارىدۇ ۋە ئارام ئالىدۇ ( تەكۋىن، 2:3 ). قۇرئانغا كۆرە « ئاللاھ ئەڭ ئۈستۈن ۋە كاتتىدۇر» ( شۇرا، 42:4 )، « ھېچقانداق بىر شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەس» ( شۇرا، 42:11 )، « كۆزلەر ئاللاھنى كۆرمەيدۇ، ئاللاھ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» ( ئەنئام، 6:103 ). يەھۇدىيلىكتە يەھۋە بەنى ئىسرائىلنىڭ « مىللىي ئىلاھ» دۇر (تەكۋىن، 17:8). قۇرئاندا ئاللاھ « پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ رەببى» ( ناس، 114:1) ۋە « پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنىڭ رەببى» دۇر ( فاتىھە، 1:2).

خىرىستىيانلىقتا ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئىنسان چۈشەنچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەۋجۇت. مىسىر، مىسوپوتامىيە ۋە ھىندىستاندا ئوخشاش قەدىمكى كۆپ ئىلاھلىق مەدەنىيەتلەردە مەۋجۇت بولغان كۆپ تەڭرىلىك چۈشەنچىسى بىلەن خىرىستىيانلىقتىكى كۆپ ئىلاھلىق بۇ نۇقتىدا ئوخشاشلىقتا ئىگە. ھەر تەرىپى بىلەن ئۆلۈملۈك بىر ئىنسان بولغان مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تەڭرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. قۇرئان بۇنى پەيغەمبەر دەپ تونۇشتۇرغان مەريەم ئوغلى ئىساغا چاپلانغان بىر تۆھمەت دەيدۇ ( 5:117 ). بۇ داۋا قاتتىق رەت قىلىنغان سۈرىدە، خىرىستىيانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىسانى ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشىنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر [1]. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر [2]. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3]. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4]. ( ئىخلاس سۈرىسى ).

## قۇرئان ئاللاھنى قانداق سۈپەتلەيدۇ؟

ئاللاھ ئۆزىدە چەكسىز رەھمەت، ئىشىدا چەكسىز مەرھەمەت ئىگىسىدۇر ( 1:2 ).

ئۇ چەكسىز مەغپىرەت قىلغۇچى، بەندىسىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە دوست تۇتقۇچىدۇر ( 85:14 ).

ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد ( بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ( ھەمىشە) تىرىكتۇر، ھاياتىنىڭ، مەخلۇقاتىنىڭ مەنبەسى ۋە يۆلەنچۈكىدۇر (3:2).

ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر ( 24:35 ).

ئاللاھ سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاندىن سىلەرگە رىزىق بەردى. ئاندىن سىلەرنى قەبزى روھ قىلىدۇ، ئاندىن سىلەرنى تىرىلدۇرىدۇ، شېرىك كەلتۈرگەنلىرىڭلاردىن قايسىسى بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى قىلالايدۇ، ئاللاھ پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر ( 30:40 ).

ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئاللاھ ( ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر ( 35:15 ).

ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقۇتىدۇ ( 39:36 ).

كىمكى دۇنيادا شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ ( ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن ). پەقەت ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەللەر ئۇنى كۆتۈرىدۇ ( 35:10 ).

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن ( يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئاللاھقا تاپشۇرغىن ). پەرۋەردىگارىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر ( 11:123)

ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (31:22).

ئاللاھ غالىبتۇر، يامانلىق قىلغۇچىنى جازالىغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەسمۇ؟ ( 39:37 ).

## تەۋھىد دېگەن نېمە؟

تەۋھىد ئىسلام ئېتىقادىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاساسىدۇر. ئىسلام، تەۋھىد ئېتىقاد ئاساسىدا قەد كۆتۈرىدۇ. ئىسلام نامىدىن قىلىنغان ۋە قىلىنىدىغان ھەر ئىشقا قويۇلىدىغان تەلەپ تەۋھىدتۇر.

تەۋھىد، ئىخچاملانغاندا بۇ جۈملىگە مۇجەسسەملىشىدۇ، يەنى « لا ئىلاھە ئىللەللاھ ـ ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىلاھ پەقەت ئاللاھتۇر». بۇ جۈملە «كەلىمەئى تەۋھىد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلام ئىمانىنىڭ ئاچقۇچى بولغان بۇ جۈملە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مەۋجۇدىيەت تىلسىمىنىڭ شىفرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بۇ جۈملىنىڭ مەنىۋى ئېغىرلىقىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «كائىناتتىنمۇ ئېغىر تۇختايدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن.

لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئىككى قىسىمدىن يەنى، بىرىنچى قىسمى « ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر» ( لا ئىلاھە) مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان مەنفىي جۈملىدىن؛ ئىككىنچى قىسمى، « پەقەت ئاللاھ باردۇر» ( ئىللەللاھ) مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان مۇسبەت جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئىككى جۈملىدىكى مۇسبەت ۋە مەنفىي ئۇقۇم كائىناتتىكى ھەر شەيئىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇقۇم ئاتومنىڭ يادروسىدا نېيترون ۋە پروتون شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يۇلتۇزلار ۋە پىلانىتلارغا ئوخشاش بارلىق ئاسمان جىسىملىرىدا، ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك

ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرگەن تېپىش ۋە تارتىش كۈچى بىلەن نامايەندە بولىدۇ. دىژىتال ( سان - سىفىرلىق) دۇنيادا، بۇ دۇنيانىڭ ئىككى ئاساسلىق ئاملى بولغان 0 ۋە 1 شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى مەۋجۇدىيەت جىسمى تىلى بىلەن كەلىمەئى تەۋھىد ئېيتقان ماسلىشىشچانلىق ئىچىدىكى بىر كاربدوربدۇر. مەۋجۇدىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يوقلىشىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. بۇنىڭغا ئاساسەن، كەلىمەئى تەۋھىد ئېيتىش، كائىناتقا مەنسۇپ بولۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، « لا ئىلاھە ئىللەللاھ» ئىنساننى ئۆزى ئەزا بولغان كائىنات ئالىمىدىكى مەخلۇقاتقا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا دەۋەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، « لا ئىلاھە ئىللەللاھ» تەۋھىدكە كىرىشنىڭ پارولى.

« لا ئىلاھە ئىللەللاھ» بىلەن تەۋھىد ئەقىدىسىگە كىرگەن كىشى، بۇ جۈملىنى ئېيتىش بىلەن ئاللاھقا تۆۋەندىكىلەر ھەققىدە ۋەدە بەرگەن بولىدۇ:

يارىتىلغان ھەر شەيئى ئىگە بولغان مەنە ۋە مەقسەت ئۆزگەرمەس بىر قانۇندۇر. ئاللاھ ھەر شەيئىنى بەلگىلىك مەناغا ئىگە قىلىپ ياراتقان.

بىر شەيئى / بىر ھايات ساھەسىنى ياراتقۇچىسىدىن ئايرىپ تاشلاش، مەنىسىدىن ۋە مەقسىتىدىن ئايرىپ تاشلىغانلىقتۇر.

ھەر شەيئى بىر بىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر، ھەر شەيئى بىر ئاللاھقا باغلىنىدۇ ( تەۋە ).

ئاللاھ داخىل بولمىغان، ئۇنىڭدىن ئايرىم مۇستەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر هايات ساھەسى يوق.

ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكى، يارالغۇچىنىڭ كۆپلۈكى ئاساسىي پرىنسىپ بولۇپ، ياراتقۇچىنى كۆپ دەپ قاراش ھەقىقەتكە، يارالغۇچىنى بىرگە مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇش مەخلۇقاتقا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. جىمى مۇستەبىت ۋە دىكتاتور ھۆكۈمرانلار بۇ خىل زۇلۇمنى پەيدا قىلغان. بۇ پرىنسىپقا كۆرە، بىغۇبار گۈزەللىكنىلا ئەمەس، ئېتىقادسىزلىقنى يەر يۈزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشمۇ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ.

ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ ( 10:99 ).

## قۇرئان قانداق كىتاب؟

قۇرئان مەككىدە كىشىلەر « ئەل ـ ئەمىن» دەپ ئاتىغان ئابدۇللا ئوغلى مۇھەممەدنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان كۆڭلى / زېھنىگە مىلادى 610 ـ يىلى نازىل بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، تۇنجى قېتىم ھىرا غارىدا نازىل بولغان. قۇرئان تۇنجى قېتىم نازىل بولغان جاي، بۈگۈنمۇ شۇ پېتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى تەخمىنەن 23 يىل داۋام قىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان مىلادى 632 ـ يىلىدا توختىغان. قۇرئان تاماملىنىشىنى « بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، نېمىتىمنى

تامامـلـىـدىـم» ( 5:3) ئايىتـى بىلـەن خـەۋەر بەرگـەن.

قۇرئـان هـەر بىرىگـە « سـۈرە» ئىسـمى بېرىلگـەن 114 بۆلۈمـدىـن تەشـكىل تاپقـان. بـۇ بۆلۈملەرنىـڭ تېمىلىـرى، نازىـل بولغـان مەزگىلدىكى ۋەقەلەرگە ماس هالـدا پەرقلىنىدۇ. هـەر سـۈرىنى تەشـكىل قىلغـان مەنە بۆلەكلىـرى « ئايـەت» دەپ ئاتىلىـدۇ. ئايەتلەردىـن تەشـكىل قىلىنغـان قىسـىم « نەجىـم» دەپ ئاتىلىـدۇ.

قۇرئـان تۇنجـى قېتىـم يازمـا بىـر تېكىسـت شـەكلىدە ئەمـەس، سـۆزلۈك شـەكلىدىكى خىتـاب ئۇسـلۇبىدا نازىـل بولغـان. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى ۋەهىي كاتىپلىرىغا يازدۇرغـان. مۇھەممـەد ئەلەيهىسسـالامنىڭ ۋاپاتىدىـن كېيىـن، بـۇ يازمـا پارچـىلار يىغىلىـپ، تۇپلىنىـپ كىتـاب هالىتىگـە كەلتۈرۈلگـەن بولـۇپ، بـۇ كىتـاب « مۇسـهاب» دەپ ئاتالغـان.

بۈگـۈن نوپۇسـى ئىككـى مىلياردقـا يېقىنلاشـقان ئىسـلام دۇنياسـىدا، بارلىـق مۇسـۇلمانلار ئوخشـاش بىـر كىتـاب قۇرئاننـى ئوقۇيـدۇ. گەرچـە مۇسـۇلمانلار ئوخشىمىغان مەزهەپلەرگـە بۆلۈنىـپ كەتكـەن بولسـىمۇ، هەممىسـىنىڭ قولىدىكـى قۇرئـان ئوخشـاش. تارىـخ جەريانىـدا ۋە كۈنىمىـزدە قۇرئاندىكـى بەزى ئايەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشـىدە، چۈشىنىشـتە ئوخشاشماسـلىقلار مەۋجـۇت.

قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ئىككى باسقۇچقا ئايرىلىدۇ:

1. مەككـە دەۋرى ۋە دەۋەت قۇرئانـى. بـۇ مەزگىـل پەيغەمبەرلىكنىـڭ 1 ـ يىلى بىلەن 13 ـ يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىـدۇ. مۇسـۇلمانلارنىڭ مۇخالىپـلار شـەكلىدە ياشـىغان مەزگىلـى بولـۇپ، بـۇ مەزگىلـدە نازىـل بولغـان سـۈرىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، بالاغەت مەنىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان. ئايەتلەر قىسقا ۋە تاۋۇش ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى روشەن. ئاساسەن ئەخلاق ۋە ئېتىقاد ئاساسلىرى تىما قىلىنغان. بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان قۇرئان « دەۋەت قۇرئانى» ئىدى.

2. مەدىنە دەۋرى ۋە دۆلەت قۇرئانى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى بىلەن باشلاپ ۋاپاتى بىلەن ئاخىرلاشقان 10 يىللىق بىر مەزگىل بولۇپ، ھاكىمىيەت ۋە دۆلەت مەزگىلى ئىدى. بۇ قېتىم مەنە بالاغەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بولۇپ، ئايەتلەر ئۇزۇن ۋە تەپسىلىي بولغان. ئىبادەت ۋە قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان. بۇ مەزگىلدە نازىل بولغان قۇرئان « دۆلەت قۇرئانى» ئىدى.

## «قۇرئان» نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟

قۇرئاندىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەخلاق
2. ئەقىدە
3. تارىخىي مىساللار
4. ئىبادەتلەر
5. شەخسىي ۋە ئوپچە مۇئامىلە قائىدىلىرى

## ئىسلامدا ئەقىلنىڭ ئورنى قەيەر؟

قۇرئان ئىنساندىن ئەقلىنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر كىتاب. قۇرئان بۇ چاقىرىقنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايدۇ. ئەقىلنى ئىشلىتىشكە بۇنچە تەرغىب قىلغان باشقا بىر «مۇقەددەس» كىتاب يوق.

قۇرئاندا ئەقىل (ئاقىل) ئىسىم شەكلىدە كەلمەيدۇ، ئەمما پېئىل شەكلىدە (تائاققۇل) ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۈچ نۇقتىنى كۆرسىتىدۇ:

1. ئەقىلنىڭ ئاكتىپ شەكىلدە ئىشلىتىلگەندە بار بولىدىغان، ئىشلىتىلمىگەندە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان پەرىشتە ئىكەنلىكىنى.

2. قۇرئاننىڭ ئاكتىپ، تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە كارغا كېلىدىغان بىر ئەقىلگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى.

3. قۇرئاننىڭ ئەقىلگە قارىتا تۇغۇلۇشتىن بار بولغان مۇستەقىل، مۇتلەق نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان بىلىم (ئىلىم) نى 850 يەردە تىلغا ئالىدۇ / ئىما قىلىدۇ. بىلىم ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قۇرئاننىڭ ھەر قېتىم بىلىمنى ئىما قىلىشى، ئەسلىدە ئەقىلگە قارىتىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قۇرئاندىن ئەقىلگە ئائىت مىسال كەلتۈرەلەمسىز؟

ئىسلامنىڭ ئەقىلگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە كۆرە چۈشىنىش كېرەك:

پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ ( 10:100)

شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ( ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، ( ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، ( ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر ( 8:22)

ئاللاھقا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق ( 7:130)

شەك - شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا ( يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى ( ئەقىل ئىشلەتكەن قەلب) بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ( ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ( ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر ( 7:179)

... بۇلاردا ( ئايەتلەر، ۋەقەلەر ۋە شەيئىلەردە)

چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ( ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار ( 13:4)

ئاللاھ ( ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، ( تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالىدۇ، كېچە - كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟ ( 23:80)

... چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز ( 30:28)

سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز - نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى ( يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق ( 35:37)

## پەيغەمبەرلىك نېمە؟ پەيغەمبەر كىم؟

پەيغەمبەرلىك ئىنسانىيەتكە ئېچىلغان بىر ئىلاھى كۆزنەك بولۇپ، ئىنسانىيەت شاھىت بولغان ئەڭ ئۆزگىچە تەلىم - تەربىيە ئورگىنى. بۇ ئىنسانىيەت مۇئەللىملىرى تەتىل ۋە دەم ئېلىشقا چىقىشنى بىلمەيدۇ. پەيغەمبەرلىك دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر خالىسانە ئورگان.

پەيغەمبەرلىك، ئاللاھنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەزىپە بېرىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى ھەر

ئىنسان قانداق بىر قانۇنىيەتكە تەۋە بولغان بولسا، پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق قانۇنىيەتكە تەۋە. تۇغۇلىدۇ، يەپ ـ ئىچىدۇ، قايغۇرىدۇ، خۇشال بولىدۇ، ئاغرىپ قالىدۇ، ئۆلىدۇ ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھتىن كەلگەن خەۋەرنى ھېچ ئۆزگەرتمەستىن، شۇ پېتى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ئاللاھ نامىدىن قەتئىي يالغان گەپ قىلمايدۇ. ئاللاھ بەلگىلىگەن دائىرىدە ئىش قىلىدۇ. ئۇلار ھاياتىنى ئاللاھنىڭ داۋاسىغا ئاتىغان كىشىلەر.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى نېمە؟

پەرىشتە ئەمەس ئىنسان ( 41:6)

ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى / تەلىماتىنى پەقەت يەتكۈزۈپ بېرىپلا قالماستىن، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن ئۈلگىلىك شەخسلەر ( 33:21)

ھەر دائىم راستچىل ۋە دۇرۇست بولغۇچىلار ( 19:41)

قىيىنچىلىقلار ئالدىدا سەبرە قىلغۇچىلار ( 21:85،86)

قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ ( 11:51)

ھەممىسىنىڭ دىنى بىر. ئەقىدە، مەقسەت ۋە مۇددىئاسى بىر. ئوخشىماسلىقلار پەقەت دىن تىلى، ئۇسلۇب ۋە تەتبىقلاشتا كۆرۈلىدۇ ( 5:48)

## بىر پەيغەمبەر نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟

ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ ( 3:79)

پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدىن قاچالمايدۇ ( 37:140)

ئۆز ئىختىيارى ۋە ئۆز رايى بويىچە خەۋەر ئېلىپ كېلەلمەيدۇ ( 40:78)

ئاللاھتىن كەلگەن بىر خەۋەرنى يوشۇرالمايدۇ ( 69:44)

ئاللاھ رەھىم قىلمىغان بىر كىشىنى پەيغەمبەر شاپائەت قىلالمايدۇ ( 39:44)

قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلمەيدۇ ( 79:43)

ئىدراكتىن ھالقىغان ھەقىقەت ( غەيب) لەرنى ئۆزلۈكىدىن بىلەلمەيدۇ ( 7:188)

ئۆزىگە ۋە باشقا بىرىگە ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ( 46:9)

ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ ( 28:56)

ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھارام، ھارام قىلغاننى ھالال قىلالمايدۇ ( 66: 1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىم؟

ئابدۇللا ئوغلى مۇھەممەد مىلادى 571 ـ يىلى مەككىدە تۇغۇلغان، 632 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان. ئائىلىسى مەككىدىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق جەمەتلەردىن ھاشىمىلار قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە. ئۇ يېتىم ھالدا چوڭ بولغان (93:6 ) بولۇپ، دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئالتە يېشىدا ئانىسىمۇ ۋاپات بولغان. يېتىم ۋە ئىگە ـ چاقىسىز قالغان مۇھەممەد، مەككىنىڭ رەئىسلىرىدىن بىرى بولغان بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. ياش ۋاقتىدا تىجارەت قىلغان بولۇپ، بۇ مەقسەتتە شامغىچە بارغان. مەككىدە ئىشەنچلىك بولۇشى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن «ئىشەنچلىك كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەل ئەمىن دېگەن لەقەم بىلەن تونۇلغان.

راستچىل، دۇرۇست بولۇشى، ئەمگەك ـ دەسمى شېرىكچىلىكى بىلەن بىللە تىجارەت قىلغان دەسمى سالغۇچى خەدىچەنىڭ دىققىتىنى تارتقان. كېيىن ئۇ ئىككى قېتىم تۇرمۇشلۇق بولغان خەدىچە بىلەن توي قىلغان. بۇ ۋاقىتتا خەدىچە 40 ياشتا ۋە ئۈچ پەرزەنتى بار تۇل ئايال بولۇپ، مۇھەممەد 25 ياشتا ۋە تۇنجى قېتىم توي قىلىشى ئىدى. بۇ خانىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن 4 ياكى 6 پەرزەنتى بولغان.

ئۆمرىنىڭ 53 يىلىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، 40 يېشىدىن باشلاپ قۇرئان تەلىملىرىنى تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھاياتىغا قەست قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ

قالغان 10 يىلىنى مەككىدىن يوشۇرۇن ھالدا چىقىپ، ھىجرەت قىلىپ بارغان مەدىنىدە ئۆتكۈزگەن. مەدىنىدىكى مەزگىلىدە ئۆرنەك بىر ئىسلام جەمئىيىتى بەرپا قىلىپ، قۇرئان چاقىرىقىنى يەتكۈزەلەيدىغان جايلارغا يەتكۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن. مەدىنىدىكى دەسلەپكى بەش يىل مەدىنە ئىسلام جامائىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلغان ھۇجۇملارنى تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئۆتكەن. بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە جەڭنىڭ سەۋەبى بۇ. ئالتىنچى يىلىدىكى ھۆدەيبىيە سۈلھى بىلەن مەككە مۇشرىكلىرى مەدىنە ئىسلام جامائىتىگە قارىتا تەھدىت بولۇش ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان. بىر يىلدىن كېيىن خەيبەرنىڭ پەتىھ قىلىنىشى بىلەن مەدىنە ئىسلام دۆلىتى رايون خاراكتېرلىك كۈچكە ئايلانغانلىقىنى نامايان قىلغان. سەككىزىنچى يىلى ئۆلۈم تەھدىتى بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلغان مەككىگە تىنچ ھالدا قايتىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار، شۇ يىلىدىكى ھۇنەيىن ئۇرۇشى بىلەن بۇ رايوندا مۇسۇلمانلارغا قارىتا كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ھەربىي تەھدىدنى يوقاتقان.

مەدىنىدە سالغان جامىنىڭ يېنىدىكى ھۇجرىسىدا شەمسىيە كالېندارى بويىچە 11 - رەبىئۇل ئەۋۋەل( مىلادى 632 - يىلى 8 - ئىيۇن) دە ۋاپات بولغان ۋە ۋاپات بولغان ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىنغان. ۋاپات بولغاندا 63 ياشتا ئىدى. ھازىر مەقبەرىسى مەدىنىدە، تۇنجى دەپنە قىلىنغان جايىدا بولۇپ، 14 ئەسىردىن بۇيان زىيارەتچىلەرگە ئوچۇق بولۇپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com

## پەيغەمبەرلىك قاچان، قەيەردە، قانداق كەلگەن؟

پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ بۇ رايوندا مەلۇم بولغان ھېچقانداق بىر دىنى ئۇنۋانى يوق بولۇپ، ھېچقانداق بىر دىنى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالمىغان، ھېچقانداق بىر دىنى تەبىقە بىلەن باردى - كەلدى قىلمىغان، ھېچقانداق بىر دىنى تەشكىلات ياكى پائالىيەتكە قاتناشمىغانلىقى مەلۇم. ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە كۆرگەن ئادالەتسىزلىك ۋە ئەخلاقى گۇمراھلىق سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرغان ۋە بۇ مۇئامىلە ئۇنىڭ ھايات ۋە ئىنسانىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئويلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن «ئىزدەش» مەنىسىدىكى ھىرا غارىغا بېرىپ، ئۇ يەردە تەپەككۇرغا باشلىغان.

ھەزرىتى مۇھەممەد 40 ياش ۋاقتىدا تۇنجى ۋەھيي مىلاد 610 - يىلىنىڭ ياز پەسلىدە كەلگەن رامىزان ئېيىدا، مەككىدىكى ھىرا غارىدا كەلگەن ( 2:185؛ 97:1 ). ۋەھيي پەرىشتىسى ئۇنىڭغا: « ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن» بىلەن باشلانغان تۇنجى ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەن ( 96:1 ). تۇنجى ۋەھيي « مەۋجۇدىيەت ۋە ھەقىقەتنىڭ بىلىمى» ھەققىدە ئىدى. ئىنسان مەۋجۇدىيەت ھەققىدىكى بارلىق كۆزىتىش ۋە تەپەككۇرىنى « ياراتقان پەرۋەردىگارىنىڭ ئىسمى بىلەن» قىلىشى، بىلىمنى ئۇنىڭدىن ئايرىماسلىقى كېرەك. بىر سەنئەت ئەسىرىنى ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى سەنئەتكاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغاندەك، ئاللاھنىڭ ئەسىرى بولغان مەۋجۇدىيەتلەرنىمۇ ياراتقۇچىسىدىن ئايرىم ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ھالدا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. تۇنجى

ۋەھىي بىلەن بىرلىگەن ئۇچۇرنىڭ ماھىيىتى بۇ.

## سۈننەت ۋە ھەدىس دىگەن نىمە؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىدە نامايەندە بولغان قۇرئانى ياشاش ئۇسۇلىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ تۇرمۇش شەكلىنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان ئالىملار / ئۆلىمالار « سۈننەت» دەپ ئاتىغان. قۇرئاندا « سۈننەھ» ئاتالغۇسى ھەر تىلغا ئېلىنغان يەردە ئاللاھقا نىسبەت قىلىنغان ھالدا كېلىدۇ. لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئىگە بولغان مەنە، قۇرئاندا پەيغەمبەرگە نىسبەت بىرلىگەن شەكىلدە ئىشلىتىلمىگەن. « سۈننەت» ئۇقۇمى باشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنكى قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئۇقۇم دائىرىسىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرى كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسان بولغانلىقى، ئەرەب بولغانلىقى، مەككىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرى دەسلەپتە سۈننەت دائىرىسىدە يوق ئىدى. لېكىن، كېيىنكى زامانلاردا بۇ ئۇقۇمنىڭ ئىچىگە ئىسلام ئوتتۇرىغا چىققان جۇغراپىيەنىڭ ئەنئەنىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

ھەدىس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئائىت دەپ قارالغان سۆزلەرگە بىرىلگەن ئىسىم. ھەدىسنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىمالى بولغاندەك، خاتا ياكى يالغان بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار. سۈننەت بىلەن ھەدىس ئارىسىدا زۆرۈرى بىر مۇناسىۋەت يوق. سۈننەت ئاساسەن « ئىش - ھەرىكەت »، ھەدىس « سۆز» نى كۆرسىتىدۇ. ئىچىدە سۈننەت بايان قىلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەدىسلەر ۋە سۈننەت بايان قىلىنمىغان ھەدىسلەرمۇ بار. بىر ھەدىسنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى قۇرئان بەلگىلەيدۇ. قۇرئانغا سېلىنغاندا قۇرئان رەت قىلمىسا، ئاندىن قالسا، ھەدىسلەرگە قويۇلغان شەرت بولغان بايان قىلغۇچىلار زەنجىرى ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ سۈننەت ياكى ئەنئەنە ئىكەنلىكى قانداق ئايرىلىدۇ؟

بۇنىڭغا بىر مىسال ئارقىلىق جاۋاب بېرەيلى. مەسىلەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىيىنگەن شەكىلدە كىيىنىش سۈننەت دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇناسىۋەتلىك. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ۋە پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن كىيىنىش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغانمۇ ياكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي جەمئىيەت كىشىلىرىدىن پەرقلىق شەكىلدە كىيىنگەنمۇ؟ بۇ خىل سوئاللارنىڭ جاۋاب « ياق ». ئۇنداقتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىنىش شەكلىنى « ئىبادەت» دائىرىسىدە ئەمەس، « ئادەت» ۋە « ئەنئەنە» دائىرىسىدە چۈشىنىش كېرەك.

## ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر قايسى؟

قۇرئانغا كۆرە، ئىسلامدا ئىبادەتلەرنى بەلگىلىك سانلىق مىقدارغا مەھكۇم قىلغىلى بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ

بارلىق ئەمىرلىرىگە بويسۇنۇش ۋە چەكلىگەنلىرىدىن ئۆزىنى تارتىشمۇ « ئىبادەت» دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭغا ھالال يولدىن رىزىق تېپىش ئۈچۈن دۇرۇستلۇق بىلەن ئىشلەش ۋە قىممەت يارىتىشمۇ كىرىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئىبادەتلەر زەنجىرىدە شۇ بەش تۈرلۈك ئىبادەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ:

1. ناماز ئوقۇش. شەرتلىرى، ۋاقىتلىرى ۋە شەكلى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىبادەت.

2. زاكات بېرىش: تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئاساس قىلىنغان، مال ـ مۈلكىنى پاكلاش خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت.

3. روزا تۇتۇش: مەسئۇلىيەت ئېڭى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يىلدا بىر كۈندۈزى يەپ ـ ئىچىشتىن توختاش.

4. ھەجگە بېرىش: ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق پايدىسى ئۈچۈن جەم بولۇش مەقسىتىدە، ئادەم بالىلىرى يەر يۈزىدە تۇنجى قېتىم سالغان « تۇنجى ئۆي» بولغان كەبىنى زىيارەت قىلىش.

5. جىھاد قىلىش: جىھاد ئىنسانىيەت قوبۇل قىلغان ئورتاق ھەقىقەت ( مەئرۇف) لارنى كېڭەيتىش، قوبۇل قىلغان ئورتاق خاتا ( مۇنكەر) لارنى ئازايتىش ئۈچۈن « قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا ( قولىدىكى

www.uyghurkitap

ئىمكانلارنى / نېمەتنى) باشقۇرۇشنى، ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەمىر قىلىنغان. ناماز ۋاقىت ۋە بەندەننى؛ زاكات مال ـ مۈلۈكنى؛ ھەج جامائەت / گۇرۇپپىنى؛ روزا نەپسىنى؛ جىھاد غەيرەت ۋە تىرىشچانلىقنى قانداق باشقۇرۇشنى، ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى ئۆگىتىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن ئىسلامدا كاھىنلار تەبىقىسى يوق؟

ئىسلامدا مەخسۇس دىنى خادىملار تەبىقىسى يەنى كاھىنلار تەبىقىسى يوق. قۇرئاندا ئاللاھ، ئىنساندىن ئۆزىگە بىۋاسىتە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى « ئاللاھ بەندىسىگە جان تومۇردىنمۇ يېقىن»(50:16 ). بۇ يەردە مەسىلە ئىنسان. بۇ يەردە ئىنساندىن شۇ سوئال سورالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ: « ئاللاھ ساڭا جان تومۇرىڭدىنمۇ يېقىن ئىكەن، ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭگە يېقىنمۇ؟ ». ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئارىسىغا ۋاسىتىچى قويۇش، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا يىراق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خاتا چۈشەنچىدىن كېلىپ چىقماقتا. ئىسلام بۇنى قاتتىق رەت قىلىدۇ. ئاللاھ بىلەن ئارىسىغا ۋاسىتە قويۇشنى ئىسلام « شېرىك» دەپ ئاتايدۇ. شېرىك، قۇرئانغا كۆرە ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە ئەڭ چوڭ زۇلۇم.

## جىھاد دېگەن نېمە؟

جىھاد « قولىدىكى پۈتۈن ئىمكانىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئانى جىھاد ئۇقۇمىنى نوقۇل ھالدا غازات يەنى « مۇقەددەس ئۇرۇش» چۈشەنچىسىگە يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ. بۇ مەنە قۇرئان جىھاد ئاتالغۇسىغا

بەرگەن مەنە ئەمەس. قۇرئاندا جىھادتىن ئايرىم ھالدا «ئۇرۇش ( قىتال)» ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنىدۇ. جەڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئايەتتە ( 22:39 )، ھەتتا جەڭ زۆرۈر بولغان ئەھۋالدا، مۆمىنلەرگە جەڭنى بىر مەسئۇلىيەت قىلىپ بىلدۈرگەن ئايەتتە، جىھاد ئەمەس قىتال ئىبارىسى تىلغا ئېلىنىدۇ ( 2:216 ).

جىھاد، «ئىنساننىڭ ئاللاھ يولىدا كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقى»نى بىلدۈرىدۇ. «ئۇلارغا قارشى پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن جىھاد قىل!» دەپ بۇيرۇغان بۇ ئايەت، ھېچقانداق ئۇرۇش بولمىغان، جېنىغا قەست قىلىنىۋاتقان دۈشمەنلىرىگە قارشى، مۇئمىنلەر يوللۇق مۇداپىئەدە بولۇپ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن مەككىدىكى ۋاقىتىدا نازىل بولغان: «شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى ( پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن جىھاد / كۈرەش قىلغىن» ( 25:52) ئايىتىدە جىھاد قىلغاندا ئىشلىتىدىغان نەرسىنىڭ قورال - ياراق ئەمەس، «سۆز»، يەنى «ئىلاھىي كالام» بولۇشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

قۇرئانغا كۆرە يوللۇق جەڭنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمان بولمىغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش ئاچقان ۋە تاجاۋۇز قىلغان بولۇشى كېرەك ( 2:190؛ 60:8،9). ئەگەر ئاللاھ، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى خالىغان بولسا ئىدى، مۇشۇنداق قىلاتتى: «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟» ( 10:99 ). ئاللاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا قالدۇردى ( 18:29 ). ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەرى ۋە كىتابلىرى ئارقىلىق ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى ( 3:110 ). يوللۇق ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى يەر يۈزىدە مۇسۇلمان بولمىغان كىشى قويماسلىق ئەمەس. قۇرئانغا كۆرە يوللۇق ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى، « ئېتىقادقا بېسىم ( پىتنە )» نى يوقۇتۇشتۇر ( 2:193 ).

كىشىنىڭ ھاۋايى ـ نەپسى ۋە ئازدۇرغۇچى شەخسىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرۈشىمۇ جىھادنىڭ بىر پارچىسى.

## جىھاد بىلەن ئۇرۇش ئوخشاشمۇ؟

ئوخشاش ئەمەس.

ھەج سۈرىسى 78 ـ ئايەتتە « جىھاد» نى زامان ۋە ماكاندىن مۇستەقىل ھالدا « بۇيرۇغان» ( 25:52 بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ) ۋە 39 ـ ئايىتىدە « ئۇرۇش» قا نېمە ئۈچۈن « رۇخسەت قىلىغانلىقى» نى بايان قىلىدۇ.

جىھادنى پەقەت مەككىدە ئەمەس، مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەردىمۇ نوقۇل ھالدا « ئۇرۇش قىلىش» نى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: « ئى پەيغەمبەر! سەن كۇففارلار بىلەن ۋە مۇناپىقلار بىلەن جىھاد / كۈرەش قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» ( 66:9 ).

ئىسلامدا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىش، يامانلىقنى

توسۇش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

تېمىنىڭ ئەسلى شەكلى «ئەل ئەمر بىلمەرۇف ۋە نەهي ئەنىل مۇنكەر» بولۇپ، هەر دەۋر ۋە ماكاندا ئىنسانىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان «ئورتاق ياخشىلىق» نى قۇرئان ئەل مەرۇف،

«ئورتاق يامانلىق» نى ئەل مۇنكەر دەيدۇ. ۋەهىي مۆمىنلەرگە ياخشىلىقنىلا بۇيرۇپ قالماستىن، ياخشىلىقنى ئۆزى ياشاۋاتقان ماكاندا كېڭەيتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يامانلىقتىن يىراقلىشىشنىلا بۇيرۇپ قالماستىن، يامانلىقتىن باشقىلارنى ساقلاپ قېلىشقا بۇيرۇيدۇ. مەسىلەن:

مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ ( 9:71 ).

( ئى مۇهەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر ( 3:110 ).

ئۇلار ئاللاهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر. ئۇلار هەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ، ئاللاه مەسئۇلىيەتچانلارنى / تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ ( 3:114،115 ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار ( مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق تۇرۇشتا) بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ ( يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ ). ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى ( يەنى ئاللاھنىڭ تائەتىنى تەرك ئەتتى )، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى ( يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى ). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر ( 9:67 ).

مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار ( كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى ( تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ( 9:71 ).

## ئىسلامدا شېرىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

شېرىك، ئاللاھقا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى ئۇنىڭدىن غەيرىيگە نىسبەت بېرىش بولۇپ، « ئورتاق / ھەمراھ قوشۇش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شېرىك ئىسلامدا ئەڭ چوڭ گۇناھ. ھەر قانداق گۇناھنى ئاللاھ تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈشى مۇمكىن، لېكىن شېرىكنى تەۋبىسىز ئەپۇ قىلمايدۇ ( 4:48؛ 39:53 ). چۈنكى شېرىك، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

شېرىكنىڭ زىتى تەۋھىد. تەۋھىد، ئاللاھقا خاس

سۈپەتلەرنى پەقەت ئاللاھ قىلا نىسبەت بېرىش، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى ئورتاق قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. شېرىك بىلەن تەۋھىد بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ، بىرى بار يەردە يەنە بىرى بولمايدۇ.

ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىش شېرىك بولىدۇ. ئىبادەت قىلىنغۇچىلارنىڭ پەرىشتە، مۇقەددەس روھ، پەيغەمبەر، ھاۋارى، ئەزىز بولۇشى مۇھىم ئەمەس، كىمكى بۇلاردىن بىرىگە ئىبادەت قىلىدىكەن ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئىبادەت پەقەت ئاللاھقا بولىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىش، كىشىنىڭ ئۆزىگە ئىلاھ تەيىنلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنى، ۋەزىپە بەرگۈچى ئىگە ۋە تاپشۇرۇۋالغۇچىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغۇچى ئىتائەت قىلغۇچى ۋە ئورنى تۆۋەن بولىدۇ. ئىلاھىنى ئۆزى تەيىنلىگەن كىشى، ئەسلىدە ئىلاھىغا خوجايىن بولىدۇ. بۇ «ئىلاھىنى تەيىنلەش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلاھىنى ئۆزى بەلگىلىگەن كىشى، ئەمەلىيەتتە ئۆز شەخسىيىتىگە چوقۇنىدۇ. بۇ ئىنسانىنىڭ ئۆز خاھىشى ۋە ھەۋىسىنى بۇتلاشتۇرغانلىق بولىدۇ ( 10:66 ). بۇ سەۋەبتىن ھەر شېرىك، ئۆزىنى بىلمەسلىكتۇر.

ئىلاھىنى ئۆزى تەيىنلەپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئېغىر زىتلىقتا ئىگە بولۇپ، بۇ زىتلىق ئىنساننىڭ روھى جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

ئاللاھقا خاس سۈپەتلەرنى ئۇنىڭدىن غەيرىيگە نىسبەت بېرىش، شېرىك بولىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىينى كەمچىلىكتىن خالىي ۋە مۇكەممەل دەپ بىلىش شېرىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

بولىدۇ. كەمچىلىكلەردىن خالىي ۋە مۇكەممەل بولغان پەقەت ئاللاھ. پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ بارلىق ئىنسانلار كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس.

قۇرئان «ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگۈچىلەرنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

«سىلەر شەك - شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى» (19:89،90).

شېرىك، ئىنسانىنىڭ روھى مۇستەقىللىق باسقۇچىغا سېلىنغان شەيتان كىشىنى. ھەر شېرىك ئاللاھنىڭ ئىنسانغا بولغان ئۈمىدىنى سۇغا چىلاشتۇرۇش تەشەببۇسى بولۇپ، ھەر شېرىك ئىنسانىنى ياكى بەندىگە قۇل قىلىدۇ ياكى نەپسىگە قۇل قىلىدۇ.

## قايسى ئىشلار شېرىك دائىرىسىگە كىرىدۇ؟

ئاللاھقا مەخسۇس بىر ھوقۇقنىڭ ئاللاھتىن غەيرىي بىر كىشى ياكى تەبىقە، ئورگان ۋە ياكى ماقام تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغانلىقىنى داۋا قىلىش شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: قۇرئان، ھۆكۈمدە ئاللاھقا شېرىك قىلىنغان كونكرېت-ئابستراكت ھەر قانداق ھاكىمىيەتنى «شېرىك قوشۇلغان ھاكىمىيەت» مەنىسىدە «تاغۇت» دەپ ئاتايدۇ. ئىلاھلىق ھەققى پەقەت ئاللاھقا خاس، ئۇنىڭدىن غەيرىينىڭ ھەققى ئاللاھقا بەندە بولۇش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش. ئاللاھقا خاس ھەقتىن ئۆزگە ھەسسە

ئېلىشىقا ئۇرۇنۇش، ئۇنى ئىلاھقا ئايلاندۇرمايدۇ. لېكىن، ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى، ئىلاھلىق داۋاسى قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىنسانلىقى ئەڭ باشتا زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئاللاھقا ھېچقانداق زىيان يەتمەيدۇ.

«ئاللاھ ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر» (59:53).

ئاللاھقا كەمچىلىك ۋە خاتالىقتىن نىسبەت بېرىش شېرىكتۇر. شېرىكنىڭ بۇ تۈرىگە، ئاللاھقا بەشەرى سۈپەتلەرنى نىسبەت بېرىشمۇ كىرىدۇ. ئاللاھ تا كەمچىلىك كۆرۈش، شۇنداق قارىغۇچىنىڭ دىلىدىكى ئەگرىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. نەزەر سالغۇچى نەزىرىدىكى ئەگرىلىك تۈزەلمەي تۇرۇپ، نەزەر تاشلىغان نەرسىنى توغرا كۆرەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ئىسىملىرىنىڭ ھەر بىرى، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ نىشانى. ئەسمائى ـ ھۇسنانىڭ بىر مەقسىتى، ئاللاھنىڭ خاراكتېر ۋە ھەرىكىتىدە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش بولغان بولسا، يەنە بىر مەقسىتى ئىنساننىڭ بۇ خاراكتېر ۋە ئەمەللىرىنىڭ ھېچبىرسىدە مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەش.

ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغاندا ئىبادەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىن غەيرىي ئۈچۈن قىلىنغاندا شېرىك بولىدۇ. قۇددۇس بولغان ئاللاھتىن ئېلىنغان ھەر مۇقەددەسلىك، بۇت بولۇشقا نامزاتتۇر.

شېرىك، ئاللاھقا قىلىنغان تۈز كورلۇقتۇر (106: 1،4). چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ ھەققىنى يېگەنلىك.

شېرىكلەرنىڭ ھەممىسى «ئۆزىدىن يىراق تەڭرى»

تۈنۇقۇز كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇردىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسان ياراتقۇچىسى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشالمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىغاندا، شېرىكنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدا ياراتقۇچىغا يەتكىلى بولماسلىق چۈشەنچىسى ياتىدۇ. ھالبۇكى، ياراتقۇچى ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن.

شېرىك ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر.

« ئاللاھقا تۆھمەت قىلغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟» ( 61:7 ).

شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ:

« ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمىلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن» ( 39:65 ).

شېرىك كەلتۈرگۈچى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ:

« ئاللاھقا باشقا مەبۇدنى ( شېرىك) قىلمىغىن، ( ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئەيىبلەنگەن، ( ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن) مەھرۇم بولغان ھالدا تەنھا قالىسەن» ( 17:22 ).

شېرىك پۈتۈننى بۆلۈش، پارچىلاش دېگەنلىك بولىدۇ. شېرىك ئىنساننىڭ ئىچكى پۈتۈنلۈكىنى يوق قىلىپ تاشلاپ، روھى دىنامىكىلىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلايدۇ ۋە

ئىچكى ئېنېرگىيەسىنى تۈگىتىدۇ. شېرىك، ياراتقۇچىنى پارچىلىمايدۇ. شېرىك، شېرىك قوشقۇچى ئىنساننى پارچىلاپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى پۈتۈنلۈكىنى، كىشىلىكىنى پارچىلاپ تاشلايدۇ. شېرىك بىر روھى كېسەللىك بولۇپ، ئىنساننىڭ چۈشەنچە ـ تۇيغۇ، روھ ـ بەدەن، مەنە ـ جىسىم، قەلب ـ ئەقىل ئارىسىدىكى بېغىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

شېرىك، شېرىك قوشۇلغان نەرسە ئالدىدا ئىنساننى چارىسىز هالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر ئىنسان 13 رەقىمىنىڭ شۇملۇقتىن بېشارەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، 13 ـ نومۇرلۇق ياتاقتا ياتقۇزغان ۋاقتىڭىزدا، قارا باسىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. شېرىكنىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى تەسىرى مانا مۇشۇنداق.

قۇرئان شېرىكنى « ئەڭ چوڭ زۇلۇم» دەپ ئاتايدۇ ( 31:13 ).

## ئىسلامدا زۇلۇم نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

زۇلۇم، لۇغەتتە «بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدىن ئېلىۋېتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويۇش « هېكمەت» بولىدۇ. زۇلۇم ئاتالغۇ شەكلىدە « ئادالەت» نىڭ ئەكسىدۇر. ئادىل بېجىرىلمىگەن هەر ئىش زۇلۇمدۇر. ئادالەت، كىشىگە لايىق بولغاننى بېرىشتۇر، زۇلۇم كىشىنى هەققىدىن مەهرۇم قويۇشتۇر.

زۇلۇم، ئىسلامدا قەتئىيلىك بىلەن چەكلەنگەن. قۇرئان پۈتۈن خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا ئادالەتنى ئەمىر قىلىدۇ ( 16:90 ). زۇلۇمنى قاتتىق شەكىلدە چەكلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەتتا قۇرئاندا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن» ( 50:29 ).

ئىسلامدا زۇلۇم قىلىشنىڭ ھېچقانداق بىر باھانىسى يوق. مەيلى دىنى، دۆلەت، شەخسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ياكى باشقا سەۋەپنى كۆزلەپ ھېچكىم باشقا بىرىگە زۇلۇم قىلالمايدۇ. قۇرئان: «شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغۇچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق» ( 28:59 ). شۇڭا ئىسلام ئالىملىرى «دۆلەت كۇپۇردىن ئەمەس، زۇلۇمدىن زاۋال تاپىدۇ» دەيدۇ.

## ئىسلامدا كۇپۇر ۋە كاپىر دېگەن نىمە؟

كۇپۇر، تىلدا «يېپىش»، كاپىر «يېپىپ قويغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەر تۈرلۈك كۇپۇر، ئاللاھنىڭ نىمەتلىرىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇش دېگەن مەنىگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ.

كۇپۇر ۋىجداننىڭ ئۈستىنى يېپىشتۇر. چۈنكى، ئىنسان ۋىجدانى دائىم ھەقىقەتنى جاكارلايدۇ. ئىنسان بۇ چۇقاننى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن، ۋىجداننىڭ ئۈستىنى كۆرۈنمەس بىر پەردە بىلەن يايىدۇ. مانا بۇ كۇپۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

كۇپۇرنىڭ دىنى مەنىسى - قۇرئاندا يەر ئالغان ۋە ئىمان ئېيتىلىشى شەرت بولغان ھەقىقەتلەردىن بىرىنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى شەرتى بار:

بۇ ھەقىقەت شۇ كىشىگە ئوچۇق ۋە ئېنىق شەكىلدە يەتكۈزۈلگەن بولۇشى كېرەك.

كىشى ئۆزىگە كەلگەن ۋەھىينىڭ ئىمان ئېيتىشنى بۇيرۇغان بۇ ھەقىقەتنى ئاڭلىغان ۋە چۈشەنگەن ھالدا، ئوچۇق ۋە روشەن شەكىلدە ئىنكار ۋە رەت قىلغان بولۇشى كېرەك.

بۇ ئىككى شەرت ئەمەلىيلەشكەن ۋاقىتتا، ئىسلامدا ئۇ كىشى ئاللاھقا تۈزكورلۇق قىلغان مەنىدىكى « كاپىر »، قىلغان قىلمىشى « كۇپۇر» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن ھەر غەيرىي مۇسۇلماننىڭ ھەممىسى « كاپىر» ئەمەس، لېكىن ھەر كاپىر ئادەتتە « غەيرىي مۇسلىم» بولىدۇ.

## ئىسلامدىكى مۇقەددەس جايلار قايسىلار؟

1. مەككە

مەككە شەھىرى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان ئۇلۇغ كەئبىنى قۇرۇپ چىققان، ھەرەم مەسچىتى بۇ يەرگە جايلاشقان. مەككىگە كاپىرلارنىڭ كىرىشى چەكلىنىدۇ، قان تۆكۈش، ئوۋ ئوۋلاش ۋە دەرەخلەرنى كېسىش مەنئى قىلىنىدۇ.

2. مەدىنە

مەدىنە شەھىرى ئىسلام جامائىتى تۇنجى قۇرۇلغان جاي بولۇپ، مەككە شەھىرىدىن تەخمىنەن 400 كىلومېتىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرقى شىمالىغا جايلاشقان. ئۇ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ھىجرەت قىلغان، تۇنجى مەسچىت قۇبانى بىنا قىلغان ۋە دەپنە قىلىنغان يەر بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى ئىككىنچى مۇقەددەس جاي دەپ تەرىپلىنىدۇ.

3. قۇددۇس (يېرۇسالېم)

پەلەستىنگە جايلاشقان ئەقسا مەسچىتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قىبلىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار 17 ئاي ئەقسا مەسچىتىگە قاراپ ناماز ئوقۇغان، ئەقسا مەسچىتى ھەرەم مەسچىتىدىن 40 يىل كېيىن سۇلايمان ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىنا قىلىنغان ئىككىنچى قەدىمىي مەسچىتتۇر.

## ئىسلامدىكى ھېيت ـ بايراملار قايسىلار؟

1. روزا ھېيت

مۇسۇلمانلار ئاللانىڭ بەلگىلىگەن رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۈگەتكەنلىكىگە ئاللاھ تەرىپىدىن مۇكاپات سۈپىتىدە بەلگىلەنگەن رامىزان بايرىمى بولۇپ، ئىسلام كالېندارىدىكى 9. ئاي رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرلىشىشى، بىر ئاي كۈندۈزى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە شەھۋەتتىن چەكلەنگەن مۇسۇلمانلارنىڭ يەپ ـ ئىچىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان، بىر ـ بىرىنى خۇشال قىلىدىغان، زىيارەت قىلىدىغان كۈنلىرىدۇر، بۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش، ئىبادەتكە ئايرىلمۇيلىش چەكلىنىدۇ. خۇشاللىقنى ئاشكارا قىلىش، بىر ـ بىرىنى يوقلاش، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى

بىلەن باشقا دىنلاردىكى بايراملاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

2. قۇربان ھېيت

قۇربان ھېيت ھەر يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10. كۈنى بولىدىغان بولۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيىتىنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە بۇ ھاجىلارنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن پۈتۈن دۇنيادا قىلىنىدىغان ئەڭ كاتتا بايرامدۇر، بۇ بايرامدا كۈن چىققاندىن كېيىن ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ، ئاندىن قۇربانلىق قىلىنىدۇ، قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گۆشى 3 قىسىمغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى كەمبەغەللەرگە، بىر قىسمى مېھمانلارغا، يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆزى يېيىش ئۈچۈن تەييارلاش «مۇستەھەب» دەپ قارىلىدۇ ۋە روزا ھېيتتىكىگە ئوخشاش زىيارەت، خۇشاللىق پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## ئىسلام دىنىدىكى ئۇلۇغ كۈنلەر قايسىلار؟

1 ـ ئەرافات كۈنى ئىسلام كالېندارىدىكى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى بولۇپ، ھەر يىلى مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھاجىلارنىڭ بۇ كۈندە ئەرافات تېغىدا تۇرۇشى ھەج ئىبادىتىنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ قەدىر كېچىسى رامىزان ئېيى ئىچىدىكى بىر كېچە بولۇپ، بۇ كېچىدە قۇرئان نازىل قىلىنغان. بۇ كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشنىڭ پەزىلىتىگە يېتىش ئۈچۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ناھايىتى تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

3. ئاشۇرا كۈنى ئىسلام كالېندارىدىكى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10- كۈنى بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام قوۋمى بىلەن پىرئەۋننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغان كۈندۇر. بۇ كۈندە يەھۇدىيلار روزا تۇتۇشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ كۈندە روزا تۇتۇشقا ئۇلاردىن بىز تېخىمۇ ھەقلىق دەپ ساھابىلەرنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان.

4. جۈمە كۈندە دۇنيا يارىتىلغان، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان، جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، قىيامەت كۈنىمۇ جۈمە كۈندە بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ھېيتلىك تەتىل كۈنى بولۇپ، بۇ كۈندە يۇيۇنۇش، يېڭى ياكى پاكىز كىيىملەرنى كىيىش، خۇشپۇراق ئىشلىتىش، جۈمە نامىزىغا بالدۇر بېرىش... قاتارلىق سۈننەتلەر يولغا قويۇلغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ھەپتىدە بىر كۈن يىغىلىپ جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق، ئۆز-ئارا قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىدۇ، جۈمە نامىزى ھەربىر بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنغان.

## ئىسلام دىنى قەيەرلەرگە تارقالغان؟

2014- يىلىدىكى ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، دۇنيا نوپۇسى 7.15 مىليارد بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تەخمىنەن2.2مىليارد دەپ ئېلان

قىلىنغان، تارقىلىش جەھەتتە ئىسلام دىنى ئەڭ تېز تارقىلىۋاتقان دىن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان ۋە سان جەھەتتە ئاسىيا قىتئەسىدە ئەڭ كۆپ مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان.

ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا بىلدۈرۈلۈشىچە 2050-يىلىغا بارغاندا دۇنيا نوپۇسى تەخمىنەن 9 مىلياردتىن ئاشىدۇ، بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 2 مىليارد 8 يۈز مىليون ئەتراپىدا بولىدۇ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ سانىغا يېقىنلىشىدۇ، ياكى ئېشىپ كېتىدۇ.

ياۋروپادا 56مىليون ئەتراپىدا مۇسۇلمان بار(2014-يىلى). رۇسىيەدە 27 مىليون، فىرانسىيەدە 6 مىليون، گېرمانىيەدە 4 مىليون، بىرلەشمە دۆلەتلەردە بولسا 3 مىليون، بوسنىيە گېرتسېگوۋىنانىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، 2.3 مىليونغا يېتىدۇ.

ئاسىيا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1.49 مىليارد بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ 32% ئىگىلەيدۇ.

www.uyghurkitap

# ھىندى دىنى

ھىندىستان (India) بۇ سۆز ھىندى دەرياسىنى مەنبە قىلغان. ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىدۇر. ھىندىستان نوپۇسى ئىنتايىن كۆپ دۆلەت بولغاچقا، ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ سانى خىرىستىيان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كەينىدىلا تۇرىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئۈچىنچى چوڭ دىندۇر. ھىندى دىنى 4000 يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇندۇر. بۇ دىننى مەلۇم بىر ئادەم ياراتقان ئەمەس ياكى مەلۇم بىر پەيغەمبەرگە ۋەھىي كەلگەنمۇ ئەمەس، شۇڭا ھىندى دىنى دېگەن بۇ نامنىڭ كەينىگە سانى ئىنتايىن كۆپ، ھەرخىل دىنىي ئېتىقادلار يوشۇرۇنغان. شۇڭلاشقا ئەمەلىيەتتە ھەممە ھىندى مۇرتلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان دىنىي ئەقىدىمۇ يوق، ئوخشاشلا ھىندى دىنى مۇرتلىرى ئوخشاش بىر ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھىندى دىنىدا نۇرغۇنلىغان دىنىي ئەقىدىلەر بولۇپ، بارلىق ھىندى دىنى مۇرتلىرىغا ماس كېلىدۇ.

## مۇقەددەس دەريا

گانگې دەرياسى ھىندى دىنىي مۇرىتلىرى قەلبىدە بىر ئىلاھى دەريادۇر. ئۇلار تاۋاپ قىلغاندا باناراس شەھىرىگە كېلىدۇ، مەقسەت گانگې دەرياسىدا يۇيۇنۇش ۋە سۈيىنى ئىچىش، ھىندى دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ قارىشىچە گانگې دەرياسى سۈيىنىڭ پاكلاش قۇدرىتى بار، ھەتتا نۇرغۇنلىغان ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ باناراسقا كېلىشتىكى مەقسىتى يەنە گانگې دەرياسى بويىدا ھاياتىنى تاماملاشتۇر، كىشىلەر بۇ مۇخلىسلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى گانگې دەرياسىغا تۆكۈۋېتىدۇ.

## تەبقە تۈزۈمى دېگەن نېمە؟

تەبقە تۈزۈمى ھەربىر ھىندى دىنىي مۇرتى تۇغۇلغان چاغدا، ئۇنىڭ مەلۇم بىر تەبقىگە تەۋەلىكىنى بېكىتىدۇ. ھىندىستاندا جەمئىي تۆت تەبقە بار، ئۇلار براخمانلار (راھىبلار)، كشاترىيالار (رىتسارلار)، ۋەشا (ئاۋام)، سۇدرا (قۇللار). ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى بۇ تۆت چوڭ تەبقىدىن يەنە 2000دىن 3000 غىچە كىچىك تەبقىگە بۆلىنىدۇ.

تەبقە تۈزۈمىدە دەرىجە چېگراسى ئېنىق بېكىتىلگەن، براخمانلار ئەڭ ئالىي تەبقە، ئاندىن قالسا، كشاترىيالار ۋە ۋەشا (ئاۋام)، سۇدرالار (قۇللار ۋە ھۈنەرۋەنلەر) ئەڭ تۆۋەن تەبقىدۇر. ھەربىر تەبقە بەلگىلىك قائىدە ۋە ئۆرپ ئادەتكە بويسۇنۇشى، باشقا تەبقىلەر بىلەن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىكى تەبىقىسى ئارقىلىق ھىندى دىنى مۇرتى بولالايدۇ، خرىستىيانلارغا ئوخشاش، چۈمۈلدۈرۈش ئارقىلىق ھىندى دىنىغا كىرەلمەيدۇ. ھېچقانداق ئادەم ئۆز تەبىقىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، يۇقىرى ياكى تۆۋەن تەبىقىگىمۇ كىرەلمەيدۇ. ھىندى دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ قارىشىچە، مەلۇم بىر تەبىقىدە تۇغۇلۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ.

## خارىجانلار كىم؟

ھىندى دىنى ئېتىقادىدا، ھېچقانداق تەبىقىگە تەۋە بولمىغان ئادەملەر خارىجانلار دېيىلىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدۇ. ئۇلار چوقۇم ھېچقانداق ئادەم قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىشى كېرەك، مەسىلەن: ئەخلەت ياكى گەندە توشۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. شۇڭا ئۇلار مەينەت دەپ قارىلىپ، ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرى ھەتتا ئۇلار بىلەن ئۇچراشسىمۇ بولمايدۇ. خارىجانلار ئۆزىنى «دالىت» دەپ ئاتايدۇ، مەنىسى ئېزىلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچراۋاتقان ناچار شارائىت ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنى ئويلايدۇ.

## دەرىجە تۈزۈمى

سانسكرىت تىلىدا، تەبىقە تۈزۈمى دېگەن بۇ سۆز Varna دەپ يېزىلىدۇ. مەنىسى رەڭ. نۇرغۇن ھىندى دىنىي مۇرىتلىرى تەبىقە تۈزۈمىنى قائىدە دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ھەمدە تەبىقە ئىچىدە يېقىنچىلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن

يەنە نۇرغۇن ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ئۇچۇن تەبىقە تۈزۈمى ئادالەتسىزلىك، چۈنكى ھېچكىم تۆۋەن تەبىقىدىن يۇقىرى تەبىقىگە ئۆرلىيەلمەيدۇ شۇڭا ئۇلار بەزى ئىشلارنى قىلىشقا ئامالسىزدۇر.

## كارما (ئەمەل) دېگەن نېمە؟

كارما Karma نىڭ مەنىسى «ئەمەل» قىلغان ئەمەلگە يارىشا ئېرىشىش. «ئەمەل» ئۇ بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەم ياخشى ئىش قىلسا، چوقۇم تەلىيى ئوڭدىن كېلىدۇ، يامان ئىش قىلغان ۋاقىتتا، پالاكەت باسىدۇ.

ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى: «ئەمەل» كىشىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىنى بەلگىلەيدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى يەنە ئەرۋاھىنىڭ تىرىلىشى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى قايتا تۇغۇلۇشقا ئىشىنىدۇ. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئادەمنىڭ تېنى ئۆلگەن بىلەن، ئۇنىڭ روھى باشقا بىر تەندە قايتا تۇغۇلىدۇ. كىشىلەر ئادەم سىياقىدىمۇ، ھايۋان سىياقىدىمۇ قايتا تۇغۇلىدۇ.

ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ئادەم قايتا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى دۇنيادىكى تۇرمۇشتىن ياخشى ياكى ناچار ياشىشىنى قىلغان ئەمىلى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: ناۋادا بىر ئادەم ئىلگىرىكى دۇنيادا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بولسا، ئۇ كېيىنكى دۇنيادا ئىت ياكى چوشقا بولۇپ تۆرىلىشى مۇمكىن. ناۋادا بىر

ئادەم خەير ـ ئېھسانىنى كۆپ قىلغان بولسا، كېيىنكى ھاياتىدا يۇقىرى تەبىقىلىك بولۇپ تۇغۇلۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئەنئەنىۋى ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر تەبىقىگە تەۋە بولۇشىنى ئادالەتسىزلىك دەپ قارىمايدۇ. ئۇ بىلىدۇكى — ئىلگىرىكى دۇنيادىكى سەۋەب نەتىجە قىسمىتى تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق بىر تەبىقىدە تۇغۇلغان. شۇڭا بۇ ھاياتىدا ئۆز تەبىقىسىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىشقا، سەۋەب ـ نەتىجە قىسمىتىدىكى گۇناھىنى يېنىكلىتىشكە تىرىشىدۇ. شۇنداق بولغاندا كېيىنكى ھاياتىدا« سانسارا» (روھنىڭ بىر تەندىن يەنە بىر تەنگە ئۆتۈپ تۇرۇش تەلىماتى) دا تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ.

## ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى

ھىندى دىني مۇخلىسلىرى بىر ئادەمنىڭ روھىنى ھاياتلىق مەنبەسى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھاياتلىق مەنبەسى ئالەمنىڭ تەشكىلي قىسىملىرىدىن بىرىدۇر، دەپ قارايدۇ، كىمكى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بىلەن ئالەمنى بىرلەشتى، دەپ قارايدىكەن، ئۇنىڭ روھى «فەنا» ماقامىغا يېتىپ، قايتا تېرىلگەندە گۇناھسىز بولىدۇ.

## دىني ئۇستاز

دىني ئۇستازنىڭ مۇھىم بۇرچى بىر يەردىن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ يۈرۈپ، دىني ئەقىدىنى تەرغىب قىلىشتۇر. كۆپ پۇقرالار ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلمەيدىغان دۆلەتلەردە بۇلارنىڭ تېخىمۇ چوڭ رولى بار. دىني ئۇستازلار

مۇرتلىرىغا قائىدىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ، پەتىۋا بېرىدۇ، قانداق قىلغاندا قۇتۇلۇشقا ئېرىشىشنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

## كىشىلەر قايسى يول ئارقىلىق قۇتۇلۇشقا ئېرىشىدۇ؟

ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرىغا نىسبەتەن، قۇتۇلۇش روھنىڭ «سانسارا»(روھنىڭ بىر تەندىن يەنە بىر تەنگە ئۆتۈپ تۇرۇش تەلىماتى) دا ئازادلىققا ئېرىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەم تۆت خىل يول بىلەن قۇتۇلۇشقا ئېرىشىدۇ. بىرىنچى يول ئەمەل. ئىنسان چوقۇم پەرزلەرگە قاتتىق بويسۇنۇشى كېرەك. ئىنسان پەقەت دىنىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، تەبىقىلەرنىڭ بارلىق قائىدىسىگە بويسۇنۇپ (ماس كۆلىدىغان جورا بىلەن توي قىلىش، قائىدىگە ئۇيغۇن كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش)، خەير ـ ئېھسانىنى كۆپ قىلىپ، ھەربىر ھاياتىدا يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاڭ ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشكەندىلا، ئاندىن قايتىدىن تۇغۇلمايدۇ.

ئىككىنچى يول زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىر كىشىنىڭ «يوگا» غا ماھىر بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «يوگا» نىڭ مەنىسى «بىرلىشىش» ياكى «ئىناقلىق» بولۇپ، «ئىناق بىر گەۋدىگە ئايلىنىش» نىڭ سىمۋولىدۇر. ھەر كۈنى روزا تۇتۇش، بەلگىلىك تەنھەرىكەت، نەپەس ماھارىتى ھەمدە بىر قىسىم سۆزلەرنى توختىماي تەكرارلاش، يەنە ئاتالمىش «مانتراس»، «يوگا» روھنى تەندىكى بارلىق بېسىم ۋە سىقىلىشلاردىن ئازاد قىلىدۇ. «يوگا» نىڭ مەشىق قىلىش ماھارىتى ۋە تەلىماتى بىر نەچچە ئەسىرلىك تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دۇنيانىڭ

ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالدى.

ئۈچىنچى يول دىنني ئىخلاس. ئىلاھقا بولغان ھۆرمەت ۋە ئېھرام. ئىخلاس ۋە ھۆرمەت ئارقىلىق مۇخلىسلارنىڭ روھى بىلەن ئىلاھ بىر گەۋدىگە ئايلىنالايدۇ.

تۆتىنچىسى تونۇش يولى، بۇ دىنىنى تونۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بىر دىنى ئۇستاز بۇ يولنى چوقۇم ئۆبدان ئىگىلىشى كېرەك. ئۇ ئىلاھى ئەقىدىنى، ئىنسانىنىڭ روھى قانداق قىلىپ ئىلاھ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، دېگەننى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۇ يولنىڭ مەقسىتى ئىنسانىنىڭ بەدەن ھالىتىنى تىنچلاندۇرۇش. ئۇ چوقۇم ھېس قىلىشى كېرەككى، تەندە ھېچبىر مەنە يوق، پەقەت بىر قۇرۇق گەۋدىدۇر. ھىندى دىنىي ئېتىقادىدا ئادەمنى ھەقىقىي شەكىللەندۈرىدىغىنى «ئاتما»، يەنى ئادەمنىڭ روھى. «ئاتمان» — روھ دۇنيانىڭ تەشكىلىي قىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر، شۇڭا «ئاتمان» بىلەن «براخما» بىر گەۋدىدۇر. ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ نەزىرىدە «براخما" مۇ ئالەمنىڭ تەشكىلىي قىسىملىرىنىڭ بىرىدۇر، ئەگەر كىمىكى بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يەتسە، ئىلاھى روھ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش ماقامىغا يېتىدۇ. بۇ تۆت يول گەرچە ئوخشىمىسىمۇ بىر- بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، ھىندى دىنى ناھايىتى كەڭ قورساق دىن بولۇپ، نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاد مەزھەپلەرگە كەڭرى بوشلۇق بېرىدۇ.

## زاھىت

زاھىدلىق ئۆزىنى تىزگىنلەش مەشىقىدۇر، ئۇنىڭ مەقسىتى روھنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشتۇر. زاھىدلىق — يېمەك- ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ھەتتا ئۇيقۇدىنمۇ ئۇزۇن مۇددەت ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇزۇن مۇددەت «يوگا» مەشىق قىلىش ئارقىلىق «يوگا» ئۇستازىنىڭ روھى تەنىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد بولۇپ، ئالىي ماقامىغا يېتىدۇ.

## ھىندى دىنىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ئەقىدە نېمە؟

ھىندى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار سانسكرىت تىلىدا يەنە قەدىمكى ھىندى ئۆلىمالىرىنىڭ تىلىدا خاتىرىلەنگەن. ئەڭ قەدىمكى ھىندى دىنى ئەقىدىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ۋېدا» دەپ ئاتىلىدۇ. بىۋاستە تەرجىمە قىلساق «بىلىم» دېگەن مەنىدە. «ۋېدا» تارىخى 3مىڭ يىلدىن ئۇزۇن نۇرغۇن دىنىي رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭدا قەسىدىلەر، ئەپسۇنلار، نەزىر- چىراغ قائىدىلىرى ۋە بۇددالارنىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرى قاتارلىقلار بار.

ھەربىر ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى «ۋېدا» نىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، باشقا ھىندى دىنى ئەقىدىلىرى ئوخشاش بولمىغان ھىندى دىنى مەزھەپلىرىگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان قىممەتكە ئىگە.

ھىندى دىنىغا نىسبەتەن يەنە ئىنتايىن مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى پارچە ئەسەر بار. ئۇلار «رامايانا» بىلەن «ماخابخاراتا» «رامايانا» دا ئىلاھتەك قەھرىمان رامانىڭ ھېكايىسى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە نەچچە مىڭ مىسرا شېئىر رامانىڭ تۇغۇلۇشى، بالىلىق دەۋرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىكنى تەسۋىرلىگەن. «رامايانا» بۈگۈنكى ھىندىستان كىنو، تىياتىر، رەسىم ۋە ئەدەبىياتىدا تولىمۇ قارشى ئېلىنىدىغان ئىجادىيەت خام ماتېرىيالىدۇر. بۇ ئەسەرمۇ نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ماخابخاراتا» ئوخشاشلا كەڭ سەھىپىلىك بىر پارچە قەدىمىي داستاندۇر، ئۇنىڭدا ئىلاھ، قەھرىمان ھەمدە ئۇرۇش ھېكايىسى خاتىرىلەنگەن. «ماخابخاراتا» يەنە دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن داستاندۇر، بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەسەر ژانىرىدىن قارىغاندا كلاسسىك ئېپوستۇر. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاساسلىق تەپسىلاتلار ئۇرۇش ۋە تەۋەككۇلچىلىك ئەمەس. مەسىلەن: ئۇنىڭدا قەھرىمانلارنىڭ ياخشى ۋە ناچار سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىپ، بىر ئادەم قانداق توغرا ئەمەللەرنى قىلسا، ئاندىن ئىلاھنى تاپالايدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

«ۋېدا» تۆت قىسىملىق كوللىياتتۇر. ئۇلار «رىگ ۋېدا»، «ساما ۋېدا]،« سوفىي ۋېدا»، « ئەسىرۋا ۋېدا»قاتارلىقلار. ھەربىر كوللىيات ئۈچ قىسىملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ ئۇلار «بىراخمانا»،« ئارانىياكا»، «ئۇپانىشاد»قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

« ئۇپانىشاد» سىرلىق تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىچكى دۇنياغا پىششىق ئۇستازلار، بۇ بىلىملەرنى قەلبى پىشقان، ھەزىم قىلالايدىغان، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئىلىم ئورنىغان شاگىرتلىرىغا يەتكۈزىدۇ. «ئۇپانىشاد»ھىندى دىنىنىڭ سەۋەب نەتىجە قىسمىتى ۋە قايتا تۇغۇلۇش ئىدىيەسى قاتارلىق ئەڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## «ماخابخاراتا»

« ماخابخاراتا»دا «ئىنجاگىتا» (Thin Jia Gita) دەپ ئاتىلىدىغان بىر پارچە «ئىلاھ كۈيى» بار. بۈگۈنكى ھىندىستاندا بۇ كىتاب ئەڭ مەشھۇر دىنى ئەقىدىدۇر، نۇرغۇنلىغان ھىندىستانلىقلار بۇنى يادلايدۇ. بۇ كىتابتا قەھرىمان ئارجۇنا بىر قېتىملىق جەڭ ئالدىدا ئۇرۇش ھارۋىسى ھارۋىكىشى بىلەن قىلغان دىيالوگى بايان قىلىنغان. بۇ ھارۋىكەشنىڭ ئىسمى كىرىشنا بولۇپ، ۋىشنونىڭ نامايەندىسى. ۋىشنو ئادەم سىياقىغا كىرىپ، ئىنسانلارنى تەڭرىگە بولغان مۇھەببەت يولىغا باشلايدۇ.

## مۇخانداس گەندى

گەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھىندىستانلىقلار زوراۋانلىقسىز، ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق،1947 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇردى. گەندىنى كىشىلەر مۇخانداس دەپ ئاتىدى، مەنىسى ئۇلۇغ روھتۇر. ئۇ تولىمۇ ئىخلاسمەن ھىندى دىنىي مۇرتى ئىدى. ئۇنىڭ كۆرەش ئىدىيەسى ھىندى دىنىنىڭ ھەقىقەتنى قوغلىشىش، زوراۋانسىزلىق

ۋە مۇھەببەت قارىشىدىن كەلگەن. ئۇ «خارىجانلار» ئۇچۇن كۈرەش قىلىپ، ئۇلارغا «خارىجانىس»، مەنىسى «ئىلاھنىڭ پەرزەنتلىرى» دېگەن يېڭى بىر نامنى ئاتا قىلدى. گەندى بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھىندى دىنىنىڭ ئىخلاسمەنلىك ئىدىيەسىنى بېيىتىپ، ھىندىستاندىن ھالقىپ، پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرى بىلىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان شەخسكە ئايلاندى.

## ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرى قايسى ئىلاھلارغا چوقۇنىدۇ؟

ھىندى دىنىدا ئىلاھلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى قەدەر ھىندى دىنىدىكى ئەڭ كۆپ چوقۇنۇلىدىغان ئىلاھ ۋىشنو بىلەن شىۋادۇر. ۋىشنو دۇنيانىڭ پىرىنسىپىنى قوغداشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنيا خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغاندا، ۋىشنو ھايۋان ياكى ئىنسان سىياقىدا كېلىپ، رەزىللىكنى يوقىتىپ دۇنيا تەرتىپىنى قايتىدىن تۇرغۇزىدۇ. ۋىشنونىڭ ئەڭ مەشھۇر نامايەندىسى «ئاۋاتارا» بولسا «راما» بىلەن «كىرىشنا» دۇر. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى «ۋېدا» دا بايان قىلىنغان، بۇ ئىككى قەھرىماننىڭ مۆجىزىلىرى ۋە ئەقىل- پاراسىتى ھىندىستان سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىدا ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان ئىجادىيەت خام ماتېرىيالىدۇر.

يەنە بىر ئىلاھ شىۋا ئالەمدىكى يارىتىش ۋە ۋەيران قىلىش قۇدرىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەزىدە ئۇ بىر ئۇسسۇلچىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە ياسىلىدۇ. ئۇ سېھىرلىك ئۇسسۇل ئارقىلىق مەڭگۈلۈك سانسارا( ھاياتلىقنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى) دا دۇنيانى يارىتىدۇ ۋە ۋەيران قىلىدۇ.

بەزىدە، كىشىلەرنىڭ ئۇچرىتىدىغىنى، سىۋانىڭ ئايالى سادىھى مېھىر بىلەن قۇچاقلاپ تۇرغان ئوبرازى بولۇپ، ئايالىمۇ ئوخشاشلا قۇتۇلدۇرۇش ۋە ۋەيران قىلىش قۇدرىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ۋىشنو ۋە سىۋاغا ئالاقىدار يەنە بىر ئىلاھ بىراخمادۇر. براخما ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى دۇنيانى ياراتقۇچى دەپ چوقۇنىدىغان ئىلاھتۇر. بىراق ئۇ ئاڭ ئالىي ياراتقۇچى ئەمەس، چۈنكى براخما پەقەت مەۋجۇت دۇنيانى قائىدىسىگە ئاساسەن يارىتىدۇ ۋە رەتلەيدۇ.

بەزى ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرىغا نىسبەتەن، ۋىشنو ئىلاھ شىۋا ۋە براخما بىردىنبىر ھەممىگە قادىر ئىلاھنىڭ ئۈچ ئوخشاش دەرىجىدە ئەكس ئېتىشىدۇر.

## ھىندى دىنىنىڭ بۇتخانىسى

ھىندى دىنى بۇتخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنار ئاستىغا، چوقۇنۇلىدىغان ئىلاھ (ئەر ئىلاھ ياكى ئايال ئىلاھ) نىڭ بۇتى قويۇلىدۇ. بۇتخانا تېمىغا بۇتلار ئويۇلغان، بەزى ئالاھىدە ئورۇنلاردا كىشىلەر يېمەكلىكلەرنى قويۇپ، ئىلاھ ئۈچۈن نەزىر قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان بۇتخانىلاردا مۇخلىسلار ئىبادەتتىن ئىلگىرى پاكىزلىنىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن كۆلچەكلەر بولىدۇ. بۇتخانىنىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق گۈللۈك ۋە قورۇق تام بولىدۇ.

«جيانىسا» قىيىنچىلىقنى يەڭگۈچى، ئىلىمنى قوغدىغۇچى ئىلاھتۇر. ئۇ دائىم يوغان قورساق ئەر ئوبرازى سۈپىتىدە ياسىلىدۇ.

# بۇددا دىنى

بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى — ساكيامۇنى بۇددا، قىسقارتىلىپ «بۇددا» دېيىلىدۇ. بۇددا دىنى بۇ ئاتالغۇنى ئۆزىگە نام قىلغان. ساكيامۇنى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 2500 يىل ئىلگىرى ھىندىستاندا ياشىغان. بۇددا — «ئويغانغۇچى»، «بىلگۈچى» ياكى «ئويغاق» دېگەن مەنىدە.

بۇددىنىڭ ھاياتى چۆچەككە ئوخشايدۇ. ئۇ شىمالىي ھىندىستاندىكى بىر باي ھەم كۈچلۈك پادىشاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 560-يىلىدىن 480-يىلغىچە ياشىغان. ئۇ تۇغۇلغاندا ئىسمى گۇئاتاما. سىدخارسا (Gautama. Siddhartha) بولۇپ ساكيا جەمەتىدىن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ ساكيامۇنى دەپ ئاتىغان بولۇپ، ساكيا جەمەتلىك دانىشمەن دېگەن مەنىدە.

سىدخارسانىڭ دادىسى ئۇ تۇغۇلغان ۋاقىتتا كاتتا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. بىر مويسىپىت ئۆلىما بۇ مۇراسىمغا كەلگەن ھەمدە ئۆكسۈپ يىغلىغان. ئۇ بۇ بالىنى كۆرەلىگەنلىكىدىن بەك خۇش بولغان، لېكىن ئۆلىما قاتتىق ئازابلانغان. چۈنكى ئۇ بۇ بالا كېلەچەكتە تەۋرىتىدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ شاھىتى بولۇشقا ئامالسىز ئىدى. بۇ مويسىپىت كېلەچەكنى پەرەز قىلىپ، سىدخارسا

كەلگۈسىدە پادىشاھ ياكى ئۆلىما بولۇپ، ناھايىتى ئۇلۇغ شەخسكە ئايلىنىدۇ، دېگەن.

## سىدخارسا قانداق چوڭ بولغان؟

سىدخارسانىڭ دادىسى ئەلۋەتتە ئۆزىدەك پادىشاھ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇنى بىر پادىشاھنى تەربىيەلەپ چىققانغا ئوخشاش تەربىيەلىگەن. ياش شاھزادە ئارمان قىلغان ھەممە نەرسىسىگە ئېرىشەلەيتتى. گەرچە دادىسى ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇسىنى قاندۇرسىمۇ، سىدخارسا بىر نەرسىسى كەمدەكلا ھېس قىلاتتى. 29 ياشقا كىرگەندە، سىدخارسا ئوردىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى چۈشىنىشكە بەل باغلىدى.

ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئات مىنىپ سىرتقا چىقىشىغا يول قويىدى ۋە بارلىق تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ بەردى، سىدخارسانى دۇنيانىڭ گۈزەل تەرىپىنىلا كۆرسىكەن دەپ ئۈمىد قىلدى، قانداق بولمىسۇن ئۇ سىدخارسانى دۇنيانىڭ نامرات تەرىپىنى كۆرۈشىنى توسۇپ قالالمىدى. ئاۋام ئارىسىدا سىدخارسا بىر مويسىپىتنى، بىر ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىمارنى كۆردى. بۇ ۋاقىتتا سىدخارسا كېسەل، ئاغرىق ۋە ئۆلۈمنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەنىدى، ئۇ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ، دېگەننى بىلمەكچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سىدخارسا نېمە ئۈچۈن ئوردىدىن ئايرىلدى؟

سىدخارسا بۇ قېتىملىق سەپەر جەريانىدا بىرىنچى كۆرگىنى ئامراتلىق، كېسەل ۋە ئۆلۈم بولدى. ئۇ بىلىدىكى ئادەم ھاياتىدا، بۇ ئازابلارنى بېشىدىن كەچۈرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، دۇنيادا تۇرغۇنلىغان كىشىلەر بەختسىزلىك ئىچىدە ياشايدىكەن.

بۇلار سىدخارسانى ئىنتايىن زىلزىلىگە سالدى، ئۇ دادىسى پىلانلىغان تۇرمۇشنى داۋام قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ دۇنيادىكى ئازابنىڭ مەنبەسىنى، ئىنسانلار ئازابتىن خالىي بولالامدۇ - يوق، دېگەننى چوقۇم تېپىپ چىقماقچى بولدى. سىدخارسا ئوردىدىن سىرلىق ئايرىلدى، ئۇ چېچىنى قىردۇرۇپ يېنىدا ئېلىۋالغان بۇيۇملىرىنى، ئېسىل كىيىملىرىنى بىر تىلەمچىنىڭ كاسايىسى بىلەن ئالماشتۇردى. ئۇ ئۆزگە ھاياتنىڭ مەنىسىنى، كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئۇستازنى ھەممە يەردىن ئىزدىدى، ئەپسۇس ئۇنىڭ ئىزدىگىنى بىكارغا كەتتى، چۈنكى ئىزدەش سەپىرىدە ئۇنى قانائەتلەندۇرەلەيدىغان دىنىي ئۇستازنى ئۇچرىتالمىدى.

كېيىن سىدخارسا زاھىتلىق يولىنى تاللىدى، ئۇ ئاچلىقتىن ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەنگە قەدەر روزا تۇتتى. ئاخىرى ھېس قىلىپ يەتتىكى، بۇنداق زىيادە زاھىتلىق يولىمۇ توغرا ئەمەس ئىكەن. سىدخارسا بىر ئورمانلىققا كېلىپ، دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى. ئۇ چازا قۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پىكىر قىلىشقا باشلىدى. بۇ مەشىق جەريانىدا، ئۇنىڭ مۇلاھىزىسى ناھايىتى ئېنىقلاشتى ھەم سىستېملاشتى. ئۇ ھېس قىلىپ يەتتىكى، ئۆزىنىڭ

بوگوڭگىچە بولغان ھاياتى غەپلەتتە ئىكەن، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى.

سىدخارسا يەتتە يىلدىن ئارتۇق تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئىنسان نېمىشقا ئازاب تارتىدۇ، ئازابتىن قانداق قىلغاندا خالى بولغىلى بولىدۇ؟ دېگەننى تولۇقسىز ھېس قىلىپ يەتتى. ئويغىنىش ئارقىلىق، سىدخارسا «بۇددا» غا ئايلاندى.

## بۇددا دىنىدا" تۆت ھەقىقەت" دېگەن نېمە؟

ساكيامۇنى ئەنجۇر دەرىخى تۈۋىدە يەتتە يىل تەپەككۇر قىلىپ، ئىزچىل تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى ئىزدىدى: ئازاب دېگەن نېمە؟ ئازاب قانداق پەيدا بولغان؟ ئازابنى قانداق يېڭىكلەتكىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئازاب تۈگەيدۇ؟ بۇددا دىنىنىڭ تۆت ھەقىقىتى بۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىدۇر: بىرىنچى ھاياتلىق ئازابتىن تۈزۈلگەن، بارلىق بەخت ئۆتكۈنچىدۇر. ئىككىنچى ئازابنى ئىنساننىڭ نەپسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۈچىنچى ئىنساندا نەپس بولمايدىكەن ئازاب بولمايدۇ. تۆتىنچى بەختكە بارىدىغان يول" سەككىز توغرا يول" دۇر.

ساكيامۇنى ئازاب بىر خىل ناشۇكۇرلۇكتۇر. ناشۇكۇرلۇك ئىنساننىڭ قانائەت تاپمىغان ئىستىكىدىن كېلىدۇ. بۇت ئىنسان ئەڭ ئاسان يولۇقىدىغان نەپسانىيەتچىلىك ئازابى توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. ئىنسان ھەمىشە تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. مەسىلەن: مال ـ دۇنيا، ھۆسن ـ جامال ۋە ياكى ياشلىق. ئۇلارغا ئېرىشەلمىسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناشۈكۈرلىشىپ، قەلبىدىكى ئارامچىلىق بۇزۇلىدۇ.

بۇت شۇنداق قارايدۇكى، ئەگەر ئاچكۆزلۈك يوقالسا ناشۈكۈرلۈكمۇ يوقىلىدۇ. ئىنسان ئىبادەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ئىنسان «سەككىز توغرا يول» دىن پايدىلانسا، ھەمدە بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ماقامى «نىرۋانا» غا يېتىشنىڭ سەككىز خىل توغرا يولى ۋە ئۇسۇلىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان سەككىز خىل توغرا يولنىڭ قايسىسىغا ھۆرمەت قىلسا، نەپسىدىن قۇتۇلالايدۇ ھەمدە نىرۋاناغا يېتەلەيدۇ.

## تەپەككۇر قىلىش

تەپەككۇر قىلىش روھنىڭ مەشىقى، بۇت تەپەككۇر ئارقىلىق يېڭى بىلىمگە ئېرىشەلەيدۇ. تەپەككۇر قىلىش دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشتۇر. تەپەككۇر قىلغاندا پەقەت بىر ئىشنىلا قىلىشقا دىققەت قىلىش، باشقا ئىشلارغا دىققىتىنى بۆلمەسلىك ياكى خام خىيال سۈرمەسلىكتۇر. ئىنسان ھەرقانداق ئەھۋالدا تەپەككۇر قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: گۈللۈكنى ئوتىغاندا، مەشىق قىلغاندا ياكى تازىلىق قىلغان ۋاقىتتىمۇ تەپەككۇر قىلسا بولىدۇ.

تەپەككۇر قىلغاندىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ھالەت، رەسىمدىكى بۇتقا ئوخشاش، چازانى قۇرۇپ، بەلنى رۇسلاپ، نېلۇپەر تەختتە ئولتۇرىدۇ. كىشىلەر تەپەككۇر قىلغاندا ئاۋۋال دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نەپسىنى تەڭشەيدۇ.

« دراما كاكرا» نىڭ سەككىز شادىسى سەككىز توغرا يولنىڭ سىمۋولىدۇر. سەككىز توغرا يول: 1. دۇرۇس سۆزلەش، يەنى يالغان سۆزلىمەسلىك، غەيۋەت قىلماسلىق؛ 2. دۇرۇس ئەمەل، يەنى ئەسكى ئىش قىلماسلىق؛ 3. دۇرۇس ياشاش، يەنى ھالال كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالماسلىق؛ 4. دۇرۇس ئىجتىھات، يەنى بوشاشماي تىرىشىش؛ 5. دۇرۇس ئوقۇش يەنى، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، ناتوغرا قىلمىش كۆرۈلدىمۇ يوق؛ 6. دۇرۇس بەلگىلەش، يەنى تەپەككۇر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى؛ 7. دۇرۇس قاراش، يەنى ئىنسانلار دۇنيانىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى توغرا تونۇشقا موھتاجلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ 8. دۇرۇس تەپەككۇر، يەنى دۇرۇس تەپەككۇر بولغاندا، دۇرۇس ئەمەل بولىدۇ.

كىشىلەر قۇتلۇق بايراملارنى تەبرىكلىگەندەك بۇتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇت تۇغۇلغاندا ئەتراپ گۈل چېچەككە پۈركەنگەنمىش، شۇڭا بۇتنىڭ ھەيكىلى گۈللەر بىلەن ئورىلىدۇ. بۇتقا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەر كوچە كۆيدۈرىدۇ، بۇتخانا ئالدىدا قۇشلار قويۇۋېتىلىدۇ. بۇددا ئېتىقادىدا بارچە ھايۋان ۋە ئىنسان قۇشقا ئوخشاش ئەركىندۇر.

## مەنچايلۇ

مەنچايلۇ بۇددا دىنىدىكى بىر قۇتلۇق گۈل. كىشىلەر مەنچايلۇ رەسىمىنى تەپەككۇر قىلىشقا ياردەملەشتۈرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۇ نۇرغۇن مۇرەككەپ بېزەك ـ نەقىش ۋە ئوبرازلاردىن تۈزۈلگەن يۇمىلاق رەسىمدۇر. تەپەككۇر قىلغان

ۋاقىتتا دىققىتىنى بۇ رەسىمگە مەركەزلەشتۈرىدۇ.

## نىرۋانا دېگەن نېمە؟

بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى، كىشىلەر سەككىز دۇرۇس يول ئارقىلىق، نەپسىنىڭ ئازابىنى يېڭىدۇ. پەقەت كىشىلەر نەپسىنى يېڭىشكە ئامالسىز قالسا، ئۆلگەندىن كېيىنكى ئۆمرىدە داۋام ئېتىشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ ھەمدە باشقا شەكىلدە قايتا تۆرىلىدۇ. بۇددا دىنى بىلەن ھىندى دىنىنىڭ قايتا تۆرىلىش (سامسارا) ئىدىيەسى ئوخشاش.

بۇت شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇكى، كىشىلەرنى قايتا يارىلىشقا سەۋەب بولىدىغىنى نەپسىدۇر. ئەگەر ئىنسان ئۆلۈمگە رازى بولمىسا، يېتەلمىگەن ئارمانلىرى بولسا، ئۇنىڭ روھى تىنچلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسان چوقۇم بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىدۇ، يېڭىۋاشتىن ئارمانلىرىنى قوغلىشىدۇ. بىراق بۇنداق قايتا يارىلىش بەخت ئەمەستۇر.

بۇددىستىنىڭ سەككىز دۇرۇس يولغا ئەمەل قىلىشىنىڭ ئاداققى نىشانى نىرۋاناغا يېتىشتۇر، بۇ چاغدا بۇددىستلارنىڭ روھى ئازادلىققا ئېرىشىدۇ ۋە ئەمىن تاپىدۇ.

بىراق بۇ، كىشىلەر تېزرەك پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئۆلۈمنى ئىزدەش كېرەك، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. نىرۋانا ماقامىغا يېتىش ئۈچۈن، زۆرۈر بولمىغان ئېھتىياج ۋە ئەھمىيەتسىز ئارزۇلاردىن ۋاز كېچىش كېرەك. كىشىلەر ئادەمگە، ھايۋانغا ۋە باشقا جانلىققا خالىغانچە ھېسداشلىق قىلسا بولىدۇ. بۇت مەرھەمەتلىك قەلب ئىگىسىدۇر، بارلىق ئارزۇلىرىنى ئاڭلاشنى خالايدىغان

كىشىلەرگە ئەقىدىسىنى ئۆگىتىدۇ.

## بۇت بىردىن بىر ئىلاھمۇ؟

بۇددا دىنى دەسلەپتە، بارلىق بىر ئىلاھ، كۆپ ئىلاھ ياكى ئىلاھىيەت ئىدىيەسىنى رەت قىلغان. ماخايانا بۇددىزىم (بۇددىزىمنىڭ ئاساسلىق بىر مەزھىپى) دا بۇددا ۋە باشقا ئوخشىمىغان بۇدىساتۋالارغىمۇ چوقۇنىدۇ. بۇدساتۋا بىلەن بۇت ئوخشاش، ئۇلار ھەممىنى چۈشىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

كىشىلەر بۇدساتۋانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشمەكچى بولسا، سەككىز دۇرۇس يولدا مېڭىش كېرەك. كىشىلەر بارلىق بۇددىست دۆلەتلەردە، بۇددىستلار چوقۇنىدىغان بۇتنىڭ ھەيكەللىرىنى تاپالايدۇ. بىراق بۇت بىلەن بۇدساتۋا ئىلاھ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ نىرۋاناغا يېتىشىگە ياردەم قىلىدىغان ئۇلگە ۋە داھىيدۇر.

بۇتتىن باشقا كىشىلەر يەنە، ئاۋۋالىكسورا بۇتساتۋاغىمۇ باش ئۇرىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل بۇدساتۋا بولۇپ، قەلبى ئىنسانىيەتكە مېھىر ۋە مەرھەمەت بىلەن تولغان. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى شەپقەتلىك" ئاۋۋالىكسورا بۇدساتۋا" دەپ ئاتايدۇ.

تىبەتلەر بۇددا نوم تېكىستلىرىنى ئىبادەت تاش پوزىسىغا ئويغان. بۇ تاش پوزىلارنى بىر چۆرگىلەپ چىقىش، بىر پارچە نومنى ئوقۇپ چىققانغا باراۋەر كۆپىنچە ئەھۋالدا، بۇ پوزىلار قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدۇ، بەزىدە ئۇ تاش تۈگمىنى ياكى شامال تۈگمىنىگە ئوخشاش چۆرگىلەيدۇ.

www.uyghurkitap

مېھرى ـ شەپقەتلىك ئاۋۋالىكسورا بۇدساتۋانىڭ ھەيكىلى. مىڭ قول گويا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ئۇنى ئورىغان بولۇپ، ئۇنىڭ سېخىي ھەم ياردەمكارلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر.

بۇددىستلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى كېزىپ يۈرىدىغان راھىبلارغا سەدىقە بېرىش ساۋابلىق ئىش، مەرھەمەتنى ئىپادىلىگەنلىك، دەپ قارايدۇ. راھىبلارمۇ بۇ سەدىقىنى قوبۇل قىلىپ، بۇتخانىغا قايتىپ بۇ تائاملاردىن ھوزۇرلىنىدۇ.

## «بۇدھىكىدا» دېگەن نېمە؟

بۇدساتۋا ھەممىنى چۈشىنىدۇ. بىراق باشقىلار تېخى نېرۋاناغا ماقامىغا يەتمىگەندە، ئۇ ئۆزى نىرۋانا بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇ باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر بۇتخانىدا بىر مەزگىل تۇرۇش ياكى بىر ئۆمۈر تۇرۇش ئارقىلىق بۇدساتۋانى تەقلىد قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئەلۋەتتە كىشىلەر بۇتخانا سىرتىدىمۇ مۇشۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇ چاغدا كىشىلەر بەش پەرزگە رىئايە قىلىشى كېرەك، يەنى: جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئاسىيلىق قىلماسلىق، يالغان گەپ قىلماسلىق، ھاراق ئىچمەسلىك. راھىبلارغا نىسبەتەن، بۇتخانىنىڭ قائىدىسىگە ۋە بەش پەرزگە رىئايە قىلىش كېرەك. يەنى. يوغان كارىۋاتتىن يىراق تۇرۇش (يوغان، راھەت كارىۋاتتا ئۇخلىماسلىق)، ياسانماسلىق(چىرايلىق كىيىم كىيمەسلىك، زىبۇزىننەت تاقىماسلىق )، ناخشا ئۇسسۇلدىن يىراق تۇرۇش (مۇزىكا ئاڭلىماسلىق، ناخشا

ئوقۇماسلىق، ئۇسسۇل ئوينىماسلىق)، پۇل - پېچەك ساقلىماسلىق، پەسلى كەلمىگەن يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك (قىشتا زەنجىۋىل يېمەسلىك، غورا يېمەسلىك). بەزى چوڭ بايراملاردا بۇ بەش پەرز بارلىق بۇددىستلارغا ماس كېلىدۇ.

بۇتخانىغا كىرىپ راھىب بولۇش ئۈچۈن، سىدخارسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوردىسىدىن ئايرىلغانغا ئوخشاش، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىشى ۋە چېچىنى چۈشۈرۈش كېرەك. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان باللار بۇتخانىدا چوڭ بولىدۇ، ناۋادا ئۇلار خالىسا ئىدى، بىر ئۆمۈر بۇتخانىلاردا قالغان بولاتتى.

## بۇددا مۇنارى دېگەن نېمە؟

بۇت 80 ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا، ھىندىستاندا تېنىنى قالدۇرۇپ، نىرۋاناغا يەتكەن (ئالەمدىن ئۆتكەن). ئۇنىڭ جەسەت كۈلى ئوخشىمىغان سەككىز يەرگە قويۇلغان. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم شارسىمان مۇنارلىق قورۇلۇشنى ياساتقان بولۇپ، بۇ بۇددا مۇناردۇر. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇتنىڭ جەسەت كۈلى قايتا يەنە چېچىلغان، كىشىلەر نۇرغۇنلىغان بۇددا مۇنارىنى ياسىغان.

بۈگۈنكى كۈندە گەرچە ئىچىگە بۇددا كۈلى قويۇلمىغان بولسىمۇ، كىشىلەر نۇرغۇنلىغان بۇددا مۇنارىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ بۇددا مۇنارلىرى بۇددىستلارنىڭ چوقۇنۇشىغا ئېرىشكەن، چۈنكى بۇددىستلار شۇنداق قارايدۇكى، ئۇلار بۇددا مۇنارىنى ياسىغاندا ئىزچىل چۈشىنىش بىلەن سەككىز دۇرۇس يولدا مېڭىش جەريانىنى نامايان قىلغان.

ياپونىيەدىكى تودەيجى بۇتخانىسىغا يىلدا بىر قېتىم «بۇتنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى تازىلاش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، راھىبلار 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇتنىڭ تۇپىسىنى تازىلايدۇ. بۇددىستلار، بۇتنىڭ تۇپىسى يۇققان

كىشى بىر يىل ئىچىدە بەختسىزلىككە يولۇقمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

موڭغۇلىيەدىكى بۇت، ئۇنىڭغا موڭغۇلچە كىيىم كىيدۈرۈلگەن.

دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر بۇددا مۇنارى — رانگوندىكى شۋۆەداگون بۇددا مۇنارىدۇر. بۇددا مۇنارى ئىچىگە بىباھا ئالتۇن يالىتىلغان بۇت قويۇلغان.

## بۇددا دىنى نەلەرگە تارقالغان؟

بۇددا دىنى نەچچە ئەسىرلىك تارقىلىش جەريانىدا، يەرلىك خەلقلەرنىڭ دىنىي ئەنئەنىسى ۋە ئىدىيەسى بولۇپ قوبۇل قىلىنىپ نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇڭا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇددىزم رەڭگارەڭ. بۈگۈنكىدەك ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمىغان بۇددا ئەنئەنىسى بار، مەسىلەن: خىتاي، سىرىلانكا، تايلاند، بىرما، لائوس، كامبودژا، ۋيېتنام، مالايسىيا، چاۋشيەن، موڭغۇلىيە، بۇتان، ياپونىيە قاتارلىقلار. بۇددا دىنىنىڭ ئۇچىقى بولغان ھىندىستاننىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ ئانچە چوڭ بولمىغان. يېقىنقى 150 يىلدىن بېرى بۇددا دىنى ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا رايونلىرىغىمۇ كىرىشكە باشلىدى.

# خۇلاسە

دىن تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەركەز قىلغان چۈشەنچىلەر توپلىمىدۇر. زامان، ماكان، ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلار، دۇنيانىڭ قانداق ئىكەنلىكى، قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ئۈستىدىكى چۈشەنچىلەر ۋە ئىبادەتلەر ۋە مۇراسىملار بىر جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىمدۇر. تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى تۇيغۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاقتۇر. شۇڭا دىنىنىڭ تارىخى ئىنسان تىلىغا ئوخشاش ئۇزۇن ۋە قەدىمىدۇر.

دىن تارىختىن بېرى تەسىرلەندۈرگۈچى ۋە جەلپكاردۇر بىر تېما بولۇپ كەلگەن. دىنىي چۈشەنچىلەر ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ۋە كەلگۈلۈكلەرگە بولغان يېڭى تەئەججۈپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ جەرياندا دىندا مەنىۋى، شېئىرىي ۋە ئېستېتىك زوق بەرگۈچى مۇراسىملار بارلىققا كەلگەن، ھەمدە بۇلار ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تىرىشقان.

ئىنسانشۇناسلارنىڭ بايان قىلىشىچە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى ئىتورى ئورمانلىقىدا ياشايدىغان قەبىلىلەردىن مىبۇتىلار

كىسەللىككە دۇچ كەلگەندە ياكى ئۇۋچىلىقى مول بولمىغاندا ئورمانغا دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن «مولمو» دېيىلىدىغان بىر مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. مۇراسىمدا پۈتكۈل قۇرامىغا يەتكەن ئەركەكلەر بىر ئاي ھەر كېچە توپلىنىپ ئورماننى خوش قىلىش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە مبۇتىلار مۇنداق دەيدۇ:

-ئورمان ئانا ۋە ئاتادۇر. چۈنكى بىزگە پۈتكۈل نېمەتلەرنى ئورمان بېرىدۇ. كىيىم، ئۆي، ئىسسىقلىق... ۋە سۆيگۈ ھەممىسى ئورماننىڭ ھەدىيەسى. بىز ئورماننىڭ بالىلىرى ئۇ ئۆلسە بىزمۇ ئۆلىمىز.

مبۇتىلارنىڭ ئورمانغا بولغان ئېتىقادى، مۇراسىمى ۋە ئورمان دۇئاسى بۇ دىنىنىڭ تەركىبلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. قاتناشقۇچىلار ئۈچۈن بۇ دىن دۇنيانىڭ بىر مودېلىدۇر. مبۇتىلارنىڭ دىنىدا ھېچقانداق ئىبادەتخانا يوق، ئۇلارنىڭ مۇراسىمدا ئىنسان بىلەن تەبىئەتتىن ئۈستۈن كۈچ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق راھىب، موللا ياكى پوپقا ئوخشاش بىر ۋاستە يوقتۇر.

كۆپلىگەن دىنلاردا (خىرىستىيانلىق، يەھۇدىي ۋە ئىسلام) تەبىئەتتىن ئۈستۈن كۈچنى تەڭرى دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى تۇتقىلى بولمايدىغان بىر مەۋجۇتلۇق دەپ قارايدۇ. مبۇتىلارنىڭ ئېتىقادىدا يۇقىرىقى دىنلاردىكىگە ئوخشاش ئېتىقاد ئوبيېكتى بولغان ئىلاھ، ئېتىقاد مەزمۇنى بولغان دۇئا ۋە ئىبادەت شەكلى بولغان مۇراسىم مەۋجۇت.

دىنىنىڭ مەركىزىدە تەبىئەتتىن سىرت بىر كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھۆكۈمرانلىقى، ھۆكۈملىرى ۋە تەلەپلىرى

ئورۇن تۇتىدۇ. ھەر بىر دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاقى سىستېمىسى ۋە ئىجتىمائىي غايىسى بولىدۇ. دىندار تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇق قارىشىنى قوغداشقا، شۇ قاراش تەلەپ قىلغان شەكىلدە ياشاشقا، ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيانى ئىلاھىي چۈشەنچىلەر بويىچە چۈشىنىشكە بۇيرۇلىدۇ. دىن تارىختا ئىنسانىيەتنىڭ ماددىيىتى ۋە مەنىۋىيىتى ئېھتىياجىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا قىسمەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سىستېمىدۇر.

بەزى ئىنسانشۇناسلار دىننى كۈچلۈك ھېسسىي چاقىرىقلارغا تولغان، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق سەۋەبلىرىگە گۈزەل يېشىملارنى بەرگەن، ھاياتنىڭ مەنىسىگە مۇكەممەل ئېنىقلىما تەقدىم قىلغان ئىنتايىن كۈچلۈك سىمۋوللار سىستېمىسى ياكى ئىدېئولوگىيە دەپ قارايدۇ. بەزىلەر دىننى ئىدېئولوگىيە ئەمەس، بەلكى بىر مەدەنىيەت دەپ ئىزاھلايدۇ. دىن چەكسىز ھەسرەت ۋە ئىزتىراپتا قالغان ئىنسانغا تەسەللى، ھاياتتا بىلىنمىگەن شەيئىلەر، ھادىسىلەر ۋەقەلەرنى ئىزاھلايدىغان ۋاستىسىدۇر. دىن ئىنساننىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كائىنات ئىچىدىكى ئورنىنى چۈشىنىشتە مۇنازىرىسىز بىر مۇھىت يارىتىدۇ. دىن ھايات ماھىيات ھەققىدىكى سوئاللارنىڭ قورشاۋىدا قالغان كىشىگە، نېمە ئۈچۈنلەرگە ئەڭ مۇرەسسەسىز، بىخەتەر، تەييار بىر جاۋابنى بېرىدۇ.

دىن دۇنيانىڭ مەنبەسىنى مۇقەددەس رىۋايەتلەر بىلەن ئىپادە قىلىدۇ. مەسىلەن، تەۋراتنىڭ بىرىنچى كىتابى بولغان «يارىتىلىش» تىكى رىۋايەتلەردە ئىنسان ۋە كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ئىزاھلانغان. دىنىنىڭ پۈتۈنلۈكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخىيلىقى ۋە تەسىر كۆرسىتىشچانلىقىنى دىندىكى
ھۆكۈملەر كاپالەتلەندۈرىدۇ. دىندىكى سىمۋوللار دىنغا
ئىشەنگەنلەرنىڭ رېئال ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ
كەتكەن بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم رىۋايەتلىرى
شۇ مىللەتنىڭ ساماۋى كىتابلىرىغا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ.
دۇنيادىكى كۆپىنچە مىللەتلەردە يارىتىلىش ھەققىدە
رىۋايەتلەر بار بولۇپ پەقەت بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ
رىۋايەتلىرىلا ساماۋى دىنلارغا مەنبە بولغان. مىللەتلەردىكى
رىۋايەتلەر ئاساسەن ئوخشاش شەكىلگە ئىگىدۇر. ئۇلارنىڭ
پەرقى كۆپىنچە ئىپادىلەش سەنئىتىدە كۆرۈلىدۇ.
دىن بىر دۇنياۋى ھادىسە بولۇپ دىنى ئېتىقاد بىر
جەمئىيەتنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلغان قىممەتلىرىنى ئىپادە
قىلىدۇ. بۇ خىل ئىلاھلاشتۇرۇلغان قىممەتلەر ئىلاھتىن
باشقا دەرەخ، قۇياش، يۇلتۇز، ئورمان ياكى بىر ھايۋان
بىلەن ئىپادە قىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن،
«ئوغۇزنامە» ئىلاھلاشقان دەرەخ، ئاسمان ۋە كۆل بولغاندەك
ھىندى دىنىدىمۇ ئىلاھلاشقان كالا بار. بۇ سىمۋوللار دىنغا
ئىشەنگۈچىلەرنى بىر جامائەت ھالىتىدە بىرلەشتۈرۈش
ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان كوللېكتىپ مۇراسىملاردا
قوللىنىلىدۇ. تارىختا بولغاندەك ھازىرمۇ ئىنسانلار
جەمئىيەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى مەلۇم سىمۋول
بىلەن ئىپادە قىلىپ شۇ سىمۋول ۋەكىللىك قىلىدىغان
قىممەتكە بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتنى ئاشۇرۇشقا
ئۇرۇنىدۇ. مىسالەن، شەرقتىكى كۆپىنچە دۆلەتلەر دۆلەت
بايراقلىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇشىدۇر. بەزى ئەللەردە ۋەتەن،
مىللەت، مۇستەقىللىق، ئىگىلىك ھوقۇق قاتارلىقلار
ئىلاھىيلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، ئىسرائىلىيە، ياپونىيە،
گېرمانىيە، رۇسىيە، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق كۆپ ساندىكى

مىللىي دۆلەتلەردە دىن ۋە ئىلاھىيلىق بىلەن مىللەت، ۋەتەن ۋە مىللەتچىلىك ئۇقۇملىرى ئىنتايىن زىچ بىرىكىپ كەتكەن. مەسىلەن بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىدا لېنىن ۋە ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ئىشلەتكەن ئەشيالىرى جەمئىيەتتە ئىلاھىي تۈسنى ئالغان. ھەتتا بۈگۈنكى چاۋشيەننىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلغان ھاكىمىيىتى بۇنىڭ ئۆرنىكىدۇر.

ئىسلام دىنىدىكى ئىلاھلاشقان سىمۋوللاردىن سەللە، ساقال، نىقاب ۋە ئەرەب تونىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. ئەرەبلەرگە خاس يۇقىرىقى نەرسىلەر ئىسلام دىنىنىڭ مۇراسىملىرىدا كەڭ تۈردە قوللىنىلغانلىقى ۋە ئىسلامنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىن كېڭەيگەنلىكى سەۋەبلىك ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەر، مەسىلەن، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، خۇيزۇلار يۇقىرىقى سىمۋوللارنى قوبۇل قىلغان. ھەتتا ئىسلامنى تارقاتقان ئەرەبلەرنىڭ تىلىمۇ ئىلاھىيلاشقان بولۇپ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغان مىللەتلەر ئىسىملىرىنىمۇ ئەرەبچىگە ئۆزگەرتىۋەتكەن. مۇقەددەسلەشكەن ئەرەب تىلىغا قارشى پارسلار بىر قەدەر پاراسەتلىك چىققان بولۇپ ئەرەبچە ئىلاھىي ئاتالغۇلارنى ئۆز تىلىغا ئەپچىللىك بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن. مەسىلەن، «ناماز» ۋە «خۇدا» دېگەن كەلىمىلەرنى پارسلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز تىلىغا ئۆزلەشتۈرگەن.

بۈگۈنكى دۇنيادا دىن ھەققىدە خاتا چۈشەنچىلەر ھەقىقەتەن كۆپ. كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنى، ئۆزگىنى ۋە ئالەملەرنى ياراتقان ئىلاھنى خۇددى يانچۇقىدىكى دوللارنى قىزغانغاندەك باشقىلاردىن قىزغىنىدۇ. ئۇلار خۇددى ئۆزىنى بارلىق زەرلەرگە خوجىدار زەرگەردەك چاغلاپ باشقىلارنىڭ ئىلاھ

ھەققىدىكى قاراشلىرىغا خىرىس قىلىدۇ. بۈگۈنكى ئىسلامدا ئەۋج ئالغان «شىئە» ۋە «سۈننى» زىددىيىتى دەل مۇشۇنداق خوجايىنلىق تالىشىشىنىڭ مەھسۇلى. بەزىلەر كائىناتنى ياراتقان ئاللاھنى، ئاللاھ قىيامەتكىچە قوغداشنى ۋەدە قىلغان دىننى ھىمايە قىلىش باھانىسىدە قان تۆكىدۇ.

بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئىنساننىڭ ئىززىتىنى قوغداش دىنىدا بەلگىلەنگەن تەلەپكە يېقىنلاشماقتا يوق بارغانچە يىراقلاپ بارماقتا. بەزى كىشىلەر ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئۇ دۇنيادىكى جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن يۇرت ماكانلىرىنى بۇ دۇنيادىكى جەھەننەمگە ئايلاندۇرماقتا.

كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزى چۈشەنگەن، قوبۇل قىلغان دىن بىلەن ئەسلى دىننى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىلاھ ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ پەرقلىق، ئۇلارنى ھەرىكەتكە ئۈندەۋاتقىنى دىندىكى ھەقىقىي ئىلاھ ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ياۋۇزلارنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھ ياۋۇز ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئاقلىسا، مېھرىبان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى ئىلاھ ئۇلارغا ھەر ئىشتا مېھرىلىك بولۇشقا ئۈندىشى مۇمكىن. شۇڭا قەلبلەردىكى دىن ۋە ئەسلى دىن ئىنسانغا كۆرە پەرقلىق.

كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىدىغان ئەخلاقى ئۆلچەملەر بىلەن دىننى بىر ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ.

دىنى چۈشەنچىلەر بىلەن بېزەلگەن ئەخلاقى قاراشلارنى دىن بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس.

دۇنياۋى دىنلارغا مەنبە بولغان مىللەتلەردىكى دىن بىلەن يۇغۇرۇلغان ئادەتلەر، قاراشلار ۋە مەدەنىيەتلەرنى دىن دەپ قوبۇل قىلىشمۇ ھازىرقى دۇنيادا توقۇنۇش پەيدا قىلىۋاتقان خاتالىقلارنىڭ بىرى.

دۇنيادا ھەرقانداق جەمئىيەتتە دىن بولغاندەك دىنغا ئوخشايدىغان ئېتىقاد سىستېمىسى، دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدېئولوگىيە ۋە تۈزۈملەر ھەم مەۋجۇتتۇر. ئافرىقىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى قەبىلىلەردىن شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارغا، ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمانلاردىن ئاۋستىرالىيە يەرلىكلىرىگە قەدەر بولغان پۈتكۈل جەمئىيەت قۇرۇلمىلىرىدا ئېتىقاد مەۋجۇتتۇر. لېكىن پۈتۈن جەمئىيەتتە تەڭرى ۋە تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ ئۇقۇمى مەۋجۇت دەپ قارالمايدۇ. شۇڭا ئافرىقىدىكى توتېم ئەنئەنىسىگە ئىگە جەمئىيەت ئەزاسىدىن مۇسۇلمانلىق كىملىكىنى، ئامازون ئورمانلىقىدىكى يەرلىك خەلقتىن خىرىستىيانلىق ئېتىقادىنى، نېپال يېزىسىدىكى بىر بۇددىستتىن تەڭرى ئۇقۇمىنى تەلەپ قىلىش دۇنيانىڭ رېئاللىقىغا كۆز يۇمغانلىقتۇر.